

BULAK

# بۇلاق

ISSN 1005-0876

2016 4

源泉 (布拉克) ◎ BULAK



يۇسۇپ خاس ھاجىپ
بويوم ئه ردى ئوق كوڭلوم ئه ردى يا
كوڭلوم بولدى ئوق بويوم بولدى يا

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ قوش ئايلىق ژۇرنىلى

# بۇلاق

38 - يىل نەشرى ئومۇمىي 169 - سان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى


سېنىڭ جانىڭ مېنىڭ جانىم بىر جان ئەمەسمۇ
مېنىڭ جانىم قوربان ئەمەسمۇ
2011 . 1 . 10.

# بۇلاق

2016 - يىللىق 4 - سان

باش مۇھەررىرى: مۇختار مامۇت　　مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت


## بۇ ساندا

### ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


دىۋانى سۇلتان ھۈسەين مىرزا بايقارا ..................... سۇلتان ھۈسەين مىرزا بايقارا (5)

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: گۈلئايىم ياقۇپ، ئوبۇلقاسىم مەمەت

كۆندىلىك تۇرمۇش ئادەتلىرى ۋە سەپەر ھەققىدىكى بايانلار ..................... (39)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت قۇدرەت ھەمراھ

شېئىرلار ..................... ھۈسەيىنخان تەجەللىي (53)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقادىر سادىر

مەقتۇلنامە ..................... (58)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇتەللىپ ئىسمايىل

«شەۋقى گۈلىستان»غا تەقرىز ..................... داموللا ئابدۇلقادىر بىننى ئابدۇلۋارىس كاشغەرىي ئەلئارتۇچىي (75)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەھمەدجان ئابدۇرەھىم

## ئەدەبىي مۇھاكىمىلەر

قەدىمكى ئەسەرلەرنى تەھرىرلەشتە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىرقانچە نۇقتا ................ ئابدۇقەييۇم سايىم (77)

قەدىمكى ئەسەرلەر مۇھەررىرلىرىنىڭ قەدىمكى تىل ئۆتكىلىدىن ئۆتۈشىنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە ئويلىغانلىرىم
................................................................................ مۇنەۋۋەرە ھەبىبۇللاھ نۇر (80)

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى ئۆگىنىش جەريانىدا ھېس قىلغانلىرىم ..................... مۇھەممەد ئىبراھىمجان (85)

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

ماقال ـ تەمسىللەر ....................................................... ھەلىمگۈل ئابلىز (88)

ئۈچ يۈز تەڭگە ........................................................................ (98)

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: دىلئارام باھاۋىدىن

ئىككى چۈچەك ........................................................................ (101)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: تۇرسۇن تىرىك

ئۈچ قىز ........................................................................ (106)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: خەپىز ساتتار سالىھ

※

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ ۋە 4 ـ بېتىدە: «دىۋانى سۇلتان ھۇسەين مىرزا بايقارا»نىڭ پارىژ مىللەت كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان 993 ـ نومۇرلۇق قول يازمىسىغا ئىشلەنگەن قىستۇرما سۈرەت (مىنىئاتورا) (تەمىنلىگۈچى: ئارافات ھەسەن مۇسابايىف)

※ ※ ※

مەسئۇل مۇھەررىرى: دىلئارام باھاۋىدىن

ياردەمچى مۇھەررىرى: مۇتەللىپ ئىسمايىل

كوررېكتورى: ۋەلى زەيدۇن

مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827971 ـ 0991

ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى: bulak@aliyun . com

تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827472 ـ 0991

سۇلتان ھۈسەين مىرزا بايقارا

# دىۋانى سۇلتان ھۇسەين مىرزا بايقارا*

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: گۈلئايىم ياقۇپ، ئوبۇلقاسىم مەمەت


کوز قراسین حل قیلیب یازدیم پسنکا عجز و نیاز
کوز یاشیمنی هم سبب اول نامه غه ای سرو ناز
عشق تیکاچ عقل و هوش و صبر هریان توتراشور
اول قایان یوزلانسه واجبدور اول ایلکا احتراز
اشکارا جان اکر لعلینک سوزین ایتور ولیک
یاشورون غنچنک بیله کونکلومکا باردور اوزکا راز
اول نی قامت دورکه بارچه راستلار ایلار دعا
دیرکه بو گلشن ارا اول سرو بولسون سرفراز

ئەيزەن لەھۇ

كۆز قاراسىن ھەل قىلىپ يازدىم ساڭا ئەجزۇ نىياز،
كۆز ياشىمنى ھەم سەبەپ ئول نامەغە، ئەي سەرۋى ناز.
ئىشق يەتكەچ ئەقلۇ ھۇشۇ سەبر ھەريان تۇتراشۇر،
ئول قايان يۈزلەنسە، ۋاجىبدۇر ئول ئەلگە ئىھتىراز.
ئاشكارا جان ئەگەر لەئلىڭ سۆزىن ئايتۇر، ۋە لېك،
ياشۇرۇن غۇنچەڭ بىلە كۆڭلۈمگە باردۇر ئۆزگە راز.
ئول نى قامەتدۇركى بارچە راستلار ئەيلەر دۇئا،
دەركى بۇ گۈلشەن ئارا ئول سەرۋ بولسۇن سەرفەراز.

* بېشى ئالدىنقى ساندا.


شوق و صبریم نقدینی ایلای آنی کورکاچ فدا
دیماسه عیب ایلاب اول مهوش بولارنی کوپ آز
چون حقیقت نوری اول عارض تجلی سیندادور
نی حقیقت اولکه آنینگ عشقینی اوینار مجاز
ای حسینی یار کوییی کعبه سی نوروز ایرور
نی عجب گر بینوالار ایلار آهنگ حجاز
بر نفس اول آینی کورماک چون امیاستور دستیرس
آنی کورکان یرنی وه یارب کوراین هر نفس


کوکبی اشکیم شفق گون کیلسه وه ایرور سزا
مینگی صبح وصل ارا هجران تونین قیلدیم هوس
خام لیق دین گر هوس قیلدیم فراقین وصل ارا
ای فلک جانیمغه یتتیم گر هوسدور اوشبو بس
قایداکیم باسینگ ایاغ اتتی سرشکیم انچه کیم
لاله بیردی بار اول توفراغ ارا هر خار و خس
ای حسینی هجر بیدا جسمیم ارا کونگلوم قوشی
گل دین ایرو عندلیبی دور گرفتار قفس

شەۋقۇ سەبرىم نەقدىنى ئەيلەي ئانى كۆرگەچ فىدا،
دېمەسە ئەيب ئەيلەپ ئۇل مەھۋەش بۇلارنى كۆپۈ ئاز.
چۇن ھەقىقەت نۇرى ئۇل ئارەز تەجەللى سەندەدۇر،
نې ھەقىقەت ئۇلكى، ئانىڭ ئىشقىنى ئويىنار مەجاز.
ئەي ھۇسەينىي، يار كۈيى كەئبەسى نەۋرۇز ئېرۇر،
نې ئەجەب گەر بىنەۋالار ئەيلەر ئاھەنگى ھىجاز.

## ئەيزەن لەھۇ

بىر نەفەس ئۇل ئاينى كۆرمەك چۇن ئەمەستۇر دەستى رەس،
ئانى كۆرگەن يەرنى، ۋەھ يا رەب، كۆرەيىن ھەر نەفەس.
كەۋكەبى ئەشكىم شەفەقگۇن كەلسە، ۋەھ، ئېرۇر سەزا،
مەنكى سۇبھى ۋەسل ئارا ھىجران تۈنىن قىلدىم ھەۋەس.
خاملىقدىن گەر ھەۋەس قىلدىم فىراقىن ۋەسل ئارا،
ئەي فەلەك، جانىمغا يەتتىم، گەر ھەۋەسدۇر ئۇشبۇ، بەس.
قايداكىم باستىڭ ئاياغ، ئاقتى سىرشكىم ئانچەكىم،
لالە بەردى بارى ئۇل تۇفراغ ئارا ھەر خارۇ خەس.
ئەي ھۇسەينىي، ھەجرىدە جىسمىم ئارا كۆڭلۈم قۇشى
گۇلدىن ئايرۇ ئەندەلىبىدۇر گىرىفتارى قەفەس.

## ئەيزەن لەھۇ

ئەيلەدى لەئلى تەبەسسۇم غۇنچەئى خەندان ئەمەس،



داغىنى كۆڭلۈم قاناتتى لالەئى نۇئمان ئەمەس.

سەبزەئى خەت بىرلە گۆيا غۇنچە ئاغزى نەقشىدۇر،

كۆڭلۈم ئىچرە ناۋەكىدىن رەڭلىك پەيكان ئەمەس.

ۋەھ كۆرۈڭ، مەنمەن قويۇندەك ئايلىنىپ بىر يار ئۈچۈن،

دەشتى ئۇزە، ئەي دوستلار، مەجنۇنى سەرگەردان ئەمەس.

ھەردەم ئول كىرپىك خەيالى جان رەگىدىن قان تۆكەر،

يوخسە مەھزۇن كۆڭلۈم ئىچرە نەشتەرى ھىجران ئەمەس.

دېمەكىم ئاللىدا جان بەر، يوقسە ئىشقىن تەركىن ئەت،

كىم ئول ئاساندۇر ماڭا، لېكىن بۇ بىر ئاسان ئەمەس.

گەر ھۈسەينىي نالە قىلسا ئىشق ئارا، ئەيب ئەتمەڭىز،

كىمدۇرۇر ئاشىقكىم، ئانىڭ شىيۋەسى ئەفغان ئەمەس.

## ئەيزەن لەھۇ

مەندە ھەر دەم يۈز نىيازۇ ئاندا ئىستىغناۋۇ، بەس،

ھەر زەمان يۈز جان بېرەي، ئول شوخ بىپەرۋاۋۇ، بەس.

دېمەڭىزكىم زۇلفى سەۋداسى ھەزىن كۆڭلۈمدە بار،

كىم ئېرۇر دىۋانە كۆڭلۈمدە ھەمۇل سەۋداۋۇ، بەس.

ئىشق تاراجغا باردى دىنۇ ئىسلامىم داغى،

دېمەڭىزكىم بولمىشام دىۋانەۋۇ رەسۋاۋۇ، بەس.



نى كۆڭۈلدە سەبر قويدى، جانىم ئىچرە نى قەرار،

يوقكى ئىشقىڭ ئەقلۇ ھۇشۇم ئەيلەدى يەغماۋ، بەس.

يەرگە كىرسۇن ئەشككىم ئاقىزدى باغرىم قان ئېتىپ،

يوقكى مەخفىي سىررى ئىشقىم ئەيلەدى ئەفشاۋ، بەس.

قىلمادى ئۇششاق ئەقلۇ دىنۇ نامۇ نەنگ تەرك،

مۇنچە رەسۋالىق قەبۇل ئەتتىم مەنى رەسۋاۋ، بەس.

ئەي ھۇسەينىي، ئىشق ئىلە چۇن ئافىيەت جەمئـ ئولمادى،

ھەر نى كەلسە ئۇرما دەم، كۆڭلۈڭ ئارا ئاسراۋ، بەس.

## ئەيزەن لەھۇ



يا رەب، ئۇل گۇل ئىچرە بۇتكەن غۇنچە گۇفتار ئەيلەمەس،

يا بىلىپ، بىلمەسكە سالىپ، سىررىن ئىزھار ئەيلەمەس.

تاش ئىلە فۇلادغا ئاھىم ئوتىدۇر كارگەر،

نى قاتىغدۇر ئۇل كۆڭۈلكىم، ھېچ ئاڭا كار ئەيلەمەس.

ئۇل جەفاكەش بىلگەي ئەھۋالىم قاتىغ سەئب ئەركەنىن،

كىم بولۇپ قانلار غەمى ئىشقىن پەدىدار ئەيلەمەس.

ئىشق مەنئىدە قىلۇر ناسىھ تىلى كۆڭلۈمنى رىش،

يوقسە بۇ غەم غۇنچەسىن تاڭ يېلى ئەفگار ئەيلەمەس.

تۇبىئى جەننەت ئەگەر يۈز ناز ئىلە قىلسا خىرام،





سەرۋى نازىم ئاللىدا ئول ئەزمى رەفتار ئەيلەمەس.

ئاي يۈزۈڭ تەقلىدىغە نەققاشى چىن ھەردەم چېكەر

يۈز رەقەم، لېكىن بىرىن يۈزدىن نەمۇدار ئەيلەمەس.

ئىنسۇ جىنغا گەرچە يوق نالەمدىن ئۆزگە، ۋەھ، نې سۇد،

كىم دەمىي ناز ئۇيقۇسىدىن ئانى بىدار ئەيلەمەس.

سەنكى تارتىپ تىغ ئەل بوغزىن چېكەرلەر ھەر تەرەف،

بارچەسى تەئجىل ئۇچۇندۇر، كىمسە زىنھار ئەيلەمەس.

گەر ھۆسەينىي ئىشقىنى ئىقرار تارتار ئەھلى زوھد،

ئەھل ئەمەسلەر يوقسە ئول بۇ ئىشدىن ئىنكار ئە(يلە)مەس .

ئەيزەن لەھۇ

ئۇيلەكىم گۇل ئىچرە غۇنچەڭ ھەر نەچە مەئلۇم ئەمەس،

غۇنچەئى ئاغزىڭ نەچەكىم سۆز دىسە مەفئۇم ئەمەس.

ئول قۇياشنىڭ پەرتەۋىن كۇيىدا كۆرسەم، يوق ئەجەب،

ھېچ كىشى جەننەتدە تۇبىي نۇرىدىن مەھرۇم ئەمەس.

ئىشق زۇلمىدىن ئەگەر فەرھادۇ مەجنۇن ئۆلدىلەر،

مەندە ھەردەمدۇر ئۆلۇم، مەندەك ئالار مەزلۇم (ئەمەس).

شاھ ھۆكمى بىرلە كۆڭلۇم ئىشق تەركىن تۇتماغاي،



شاھ ئېرۇر ھاكىم، ۋەلىي بۇ كىمسەگە مەھكۇم ئەمەس.

ئىشقۇ مەي جۇرمىغا دەير ئىچرە (مېنى) يازغۇرماڭىز،

نېگەكىم مەسجىددە داغى ھېچكىم مەئسۇم ئەمەس.

نى بەلادۇر ئىشقكىم، كۆردۇم ئانىڭ ئەۋراقىدا،

دەرد ئىلە مىھنەتدىن ئۆزگە نۇكتەئى مەرقۇم ئەمەس.

گەر ھۇسەينىنىڭ ۋىسالىڭ دەۋلەتىدىن، ئەي سەنەم،

ياسى كۆپ مەۋجۇد ئېسە، ئۇممىدى ھەم مەئدۇم ئەمەس.

## ئەيزەن لەھۇ



ئول پەرى كۆڭلى مەنى دىۋانەغە مايىل ئەمەس،

يا مېنىڭ ئاۋارە كۆڭلۇم ئىشقىغا قايىل ئەمەس.

بەردىڭ، ئەي مەجنۇن، مېنىڭ رەسۋالىغىم كۆرگەندە پەند،

بىلمەدىڭمۇ بارچە ئەل ھۇش ئەھلىيۇ ئاقىل ئەمەس.

ناتەۋان جىسمىمدا ھەر ياندىن كۆرۇنگەن داغلار،

ئاندا ھىجران داغىدىن يۈزدىن بىرى داخىل ئەمەس.

شەددى بادى ھەجر ئېسىپ جىسمىم ساۋۇردى كۆيىدىن،

يوقسا قويۇندىن ئېتەرگە ئاندا مۇستەئجىل ئەمەس.

خەتتى نەقشى خاتىرىمدىن تىغ ئىلە دەفئ ئولمادى،

ۋەھ، نى خەتدۇركىم نەچە يونغان سايى زايىل ئەمەس.





ئىشقدىن قىلدىم پەنەھ تائەتنى، ۋەھكىم، بىلمەدىم،
كىم قىزا ئوتىغە تەقۋا جەۋشەنى ھايىل ئەمەس.
چۈن ھۆسەينىيدۇر گەدايىڭ، ھۆسنىدىن بەرگىل زەكات،
ئەي مەلاھەت مەخزەنى، ئول سىيم ئالۇر سائىل ئەمەس.

### ئەيزدىن لەھۇ

ئەي كۆڭۈل، ئول دىلرەبانىڭ ئۆزگە يارى بار ئىمىش،
ۋەھ، ساڭا دۈشمەن بولۇپ ئول، ئۆزگەلەرگە يار ئىمىش.
ھەر زەمان يۈز بار دىل ئازارىدىن كۆڭلۈمدەدۇر،
ۋەھكى، ئازارى بۇزۇغ كۆڭلۈمدە مۇنچە بار ئىمىش.
دەردى ئىشقىڭ شەرھىنى كۆزۈمگە دىگەچ تۆكتى ياش،
ۋەھكىم، ئانى يار ساغىندىم، ئول ۋەلي ئەغيار ئىمىش.
زار ئولۇپ ئىشقىغا ئازارىن كىلۇرنى بىلمەدىم،
زارلارغا ئىشقدىن كەلگەن نەسىب ئازار ئىمىش.
يۈز ئاجىب ئۆرتەر مىنى، ۋەھ، ئىشق ئوتىدىن ني گىلىھ،
كىم ماڭا ئوت سالغۇچى ئول ئاتەشىن رۇخسار ئىمىش.
ھەجرىدە بىچارەلىغدىن ئاھۇ ۋاۋەيلا ني سۇد،
كىم بەلالىغ ئىشقىدا بىچارەلىغ ناچار ئىمىش.
ئەي ھۆسەينىي، دەر ئىدىڭ ئول دىلرەبانى بىۋەفا،

مەن ھەم ئانى فەھم ئېتىپمەنكىم، يۈز ئانچە بار ئېرمىش.



## ئەيزەن لەھۇ

ئەي كۆڭۈل، بولساڭ ۋەفاسىز دىلرەبالاردىن خەلاس،
شۈكر قىل بولغان كىشى ياڭلىغ بەلالاردىن خەلاس.
ئۆمر ياڭلىغ بىۋەفادۇرلار، ئۆزۈمنى ئىستەرەم،
ئۆمر ئەگەر قىلسا ۋەفا، بۇ بىۋەفالاردىن خەلاس.
تەلبە كۆڭلۈمدىن خەلاس ئولماس پەرىۋەشلەر غەمى،
راست ئانداقكىم، بولا ئالمان مەن ئالاردىن خەلاس.
تازە ـ تازە دىل نە كۆڭلۈمدىن قارا سالغان كەبى،
مۈمكىن ئەرمەس بولماق ئول يۈزى قارالاردىن خەلاس.
خانەقەھدىن تا خەرابات ئىچرە كىردىم، قىلدى ھەق
ھەم رىيايى ھەم رىيادىن پارسالاردىن خەلاس.



دەھر ئېلىدىن، ئەيكى، بولدۇڭ مۇنقەتىئ، شۈكر ئەيلەكىم،
ھەم جەفاگەرلەردىن ئولدۇڭ ھەم جەفالاردىن خەلاس.
ئەي ھۈسەينىي، ۋەسل ئۈمىدىدىن رەقىبىڭ بولدى خەلق،
ئۆزنى قىل ھەم مۇددەئىي ھەم مۇددەئالاردىن خەلاس.

## ئەيزەن لەھۇ

ئىشقدىن تا قىلمىشىم پەيدا مەنى شەيدا مەرەز،


قیلغوده کیک زور ضعفلیغ جسمیمنی ناپیدا مرض
ایله کیم دارالشفا اچره وطن توتقای مریض
ایلامیش جان تنو کونکلوم اویین ماوا مرض
یوز مرض قصدیمدا دورکیم کوردی موندا خسته کیم
باشیدا اهل غزادیک ایلاکای غوغا مرض
ضعف ارا خونخوارلیغدین هیچ پرهیز ایلامس
مونچه کیم دایم چیکار اول نرگس شهلا مرض
زلفی زنجیریدین اوزگا یوق علاجیم ای حکیم
تیلبه کونکلومنکا که بولمیش مایه سودا مرض


ضعفیم آتشیش سوز دیمانک اول ای سوزیدین اوزگاکیم
خاطری نازک بولور تاپقاندا استیلا مرض
ای حسینی می بیله قیلغیل خمارینک فکریکیم
دفع هم صبا قیلور جون کیلتورور صبا مرض
ای جمالینک گلشنیده سبزه سیراب خط
عارضونک کافوری اوزره زیب مشکناب خط
قتلیمه مشکین خطینک هر حرفی بولدی بیر سبب
کیم تیریلکای جون مرتب ایلادی اسباب خط

قىلغۇدەكدۇر زەئىفلىغ جىسمىمنى ناپەيدا مەرەز.

ئۇيلەكىم دارۇش ـ شىفا ئىچرە ۋەتەن تۇتقاي مەرىز،

ئەيلەمىش جانۇ تەنۇ كۆڭلۈم ئۆيىن مەئۋا مەرەز.

يۈز مەرەز قەستىمدەدۇركىم، كۆردى مۇنداغ خەستەكىم،

باشىدا ئەھلى ئەزادەك ئەيلەگەي غەۋغا مەرەز.

زەئىف ئارا خۇنخارەلىغدىن ھىچ پەرھىز ئەيلەمەس،

مۇنچەكىم دائىم چىكەر ئۇل نەرگىسى شەھلا مەرەز.

زۇلفى زەنجىرىدىن ئۆزگە يوق ئىلاجىم، ئەي ھەكىم،

تەلبە كۆڭلۈمگەكى بولمىش مايەئى سەۋدا مەرەز.

زەئىفىم ئاشمىش، سۆز دىمەك ئۇل ئاي سۆزىدىن ئۆزگەكىم،

خاتىرى نازۇك بولۇر تاپقاندا ئىستىلا مەرەز.

ئەي ھۇسەينىي، مەي بىلە قىلغىل خۇمارىڭ فىكرىكىم،

دەفئ ھەم سەھبا قىلۇر چۈن كەلتۈرۈر سەھبا مەرەز.

## ئەيزەن لەھۇ

ئەي، جەمالىڭ گۈلشەنىدە سەبزەئى سىيراب خەت،

ئارەزۇڭ كافۇرى ئۈزرە زىيب مۇشكناب خەت.

قەتلىمە مۇشكىن خەتىڭ ھەر ھەرفى بولدى بىر سەبەب،

كىم تىرىلگەي چۈن مۇرەتتەب ئەيلەدى ئەسباب خەت.


خط اثر ظاهر قیلیب دور صفحهٔ حسنونک اوزا
آه اول کوندین که ظاهر ایلاکای اعراب خط
خط پوزولدی لیک معلومنک بولور کریانلیغیم
بیله کیم یازدیم فراقینک ظلمیدین بیغلاب خط
فرقتینک وا تاب پیچیم شرحینی قیلدیم رقم
سطرا هر یرده ظاهر قیلدی پیچ و تاب خط
ای حبیبیم خامه سور رقعم جوابیدا که بار
وصل چه کیم بیر پیرکا یازسالار احباب خط
ای حسینی شرح حالیم یازسام اولغای سین ملول


چون او قور حالت دا ظاهر ایلاسه اطناب خط
کونکلوم اتی عشق اسرارین قیلیب تکرار حفظ
کیم که قیلغاندیک کلام پاک وحی آثار حفظ
خوبلار اوز حسنی وصفین کر قیلورلار نی عجب
تانک ایمان بت وصفینی کر قیلسالار کفار حفظ
کل اوچون باغ ایچره بلبل نینک نوا ورکانه دی
کیم ازل کلزاریده قیلمیش دور اول اسرار حفظ
دهر کلزاریدا اول کل حسنین اوکسام عیب ایماس

خەت ئەسەر زاھىر قىلىپدۇر سەفھەئى ھۆسنۈڭ ئۈزە،
ئاھ ئول كۈندىنكى زاھىر ئەيلەگەي ئەئراب خەت.
خەت بۇزۇلدى، لېك مەئلۇمۇڭ بولۇر گىريانلىغىم،
بۆيلەكىم يازدىم فىراقىڭ زۇلمىدىن يىغلاپ خەت.
فۇرقەتىڭدە تابۇ پىچىم شەرھىنى قىلدىم رەقەم،
سەتر ئارا ھەر يەردە زاھىر قىلدى پىچۇ تاب خەت.
ئەي ھەبىبىم، خامە سۇر رۇقئەم جەۋابىداكى، بار
ۋەسلچەكىم بىر ـ بىرىگە يازسالار ئەھباب خەت.
ئەي ھۆسەينىي، شەرھى ھالىم يازسام ئولغايسەن مەلۇل،
چۇن ئوقۇر ھالەتدە زاھىر ئەيلەسە ئىتناب خەت.

## ئەيزەن لەھۇ

كۆڭلۇم ئەتتى ئىشق ئەسرارىن قىلىپ تەكرار ھىفز،
كىمكى قىلغاندەك كەلامى پاك ۋەھيى ئاسار ھىفز.
خۇبلار ئۆز ھۆسنى ۋەسفىن گەر قىلۇرلار، نى ئەجەب،
تاڭ ئەمەس بۇت ۋەسفىنى گەر قىلسالار كۇففار ھىفز.
گۇل ئۈچۈن باغ ئىچرە بۇلبۇلنىڭ نەۋا ئۆرگەنمەدى،
كىم ئەزەل گۈلزارىدا قىلمىشدۇر ئول ئەسرار ھىفز.
دەھر گۈلزارىدا ئۇل گۇل ھۆسنىن ئۆگسەم، ئەيب ئەمەس،

خاسسەكىم، قىلغاي سۆزۈم ئول سەرۋ، گۈل رۇخسار ھىفز.

يار بىر سۆز دېسە، ھەرگىز خاتىرەمدىن چىقماس ئول،

ئۆزگەلەردىن بولمادى كۆڭلۈمگە بىر گۇفتار ھىفز.

قىل يىگىتلىكتە يىگىتلەر ئىشقى سىررىن ھىفزكىم،

سۆز بولۇر ئەرمىش قارىلىق ۋەقتىدە دىشۋار ھىفز.

يۈزمىڭ ئولغاي ئەردى مىڭ دەستانىڭ، ئەي بۇلبۇل، ئەگەر

قىلساڭ ئەردى ئىشق ئەسرارىن ھۇسەينىيۋار ھىفز.

## ئەيزەن لەھۇ

تىشى ۋەسفىدە دېدىم دۇر كەبى يەكسان ئەلفاز،

زۇلفى سەۋداسى ئارا لىبك پەرىشان ئەلفاز.

ئىشق ئەسرارى فەساھەت بىلە تاپماس تەقرىر،

تۇتى ئايتۇرغا بەسىي سەئبدۇر ئاسان ئەلفاز.

مۇددەئىيلەر سۆزى بىمەئنى ئەگەر بولسا، نېتاڭ،

ئىستەمە مەئنى ئەگەر ئايتسا نادان ئەلفاز.

لەفزى تەئسىر قىلىپ ئۆرتەر ئانىڭ مەئناسى،

چۈن سورار شارىھى دەردۇ غەمۇ ھىجران ئەلفاز.

تەركى ئىشقىڭ دېسەم ئۆلتۈرمەكى، دەر مەئناسىز

ئۆز ئۆزى بىرلە جۇنۇن ئەھلى فەراۋان ئەلفاز.


خاصه کیم قیلغای سوزوم اول سرو گل رخسار حفظ
یار بیر سوز دیسه هرگز خاطریمدین چیقماس اول
اوزگالاردین بولمدی کونکلومگه بیر گفتار حفظ
قیل یکیت لیکته یکیتلار عشقی سرّین حفظ کیم
سوز بولور ایرمیش قاریلیق وقتیدا دشوار حفظ
یوزمینک اولغای ایردی مینک داستانینگ ای بلبل اگر
قیلسانک ایردی عشق اسرارین حسینی ار حفظ
تیشی وصفیدا دیدیم دور کیبی یکسان الفاظ


زلفی سوداسی ارا لبیک پریشان الفاظ
عشق اسراری فصاحت بیله تاپماس تقریر
طوطی ایتورغا بسی صعب دور آسان الفاظ
مدعی لار سوزی بی معنی اگر بولسه نیتانک
ایسته معنی اگر ایتسه نادان الفاظ
لفظی تاثیر قیلیب اورتار انینک معنیسی
چون سورار شارح دردو غم هجران الفاظ
ترک عشقینک دیسام اولتورمه کی دیر معنی سیز
اوز اوزی بیرله جنون اهلی فراوان الفاظ


اغزینک اسراریده کوپتور سوزوم دوی المان
کیم قولاق دوتساوین بیر نیچه پنهان الفاظ
بی نوا بولدی حسینی نی نوا تاپقایی اگر
وصلدین ظاهر آنگا ایلاسه جانان الفاظ
ای کیم هجران اوتیدین کویدی جانیم اوزگه نوع
اورتادی عالمنی هم اوتلوق فغانیم اوزگه نوع
خسته کونکلوم ضعف ایتیار واقف بولونک ای دوستلار
کیم بو کوندین دور بو زاری ناتوانیم اوزگه نوع


طلبه کونکلومنی جنون وادیسی ایچره ایستاماک
کیم بو قاتلا ایتمیش اول بیخان ومانیم اوزگه نوع
حالیتم فرهاد و مجنون قصه سیغه اوخشاماس
کیم ابرور عشق ایچره مهلک داستانیم اوزگه نوع
وعده قیلدی وصل اوچون بولدوم اسیری وایکیم
سوزلاشور اول ظالم نامهربانیم اوزگه نوع
بولماغیم رسوا تانک ایرماس کیم بو قاتلا خلق ارا
فاش بولدی اسراغان سر نهانیم اوزگه نوع
کونکلوم آلیب جانیمه قصد ایتتی اول بیگانه وش

ئاغزىڭ ئەسرارىدا كۆپتۇر سۆزۈمۇ دەي ئالمان،
كىم قۇلاق دۇتساۋۇ مەن بىر نەچە پىنھان ئەلفاز.
بىنەۋا بولدى ھۇسەينىنى نەۋا تاپقاي، ئەگەر
ۋەسلدىن زاھىر ئاڭا ئەيلەسە جانان ئەلفاز.

## ئەيزەن لەھۇ

ئاھكىم، ھىجران ئوتىدىن كۆيدى جانىم ئۆزگە نەۋئ،
ئۆرتەدى ئالەمنى ھەم ئوتلۇغ فىغانىم ئۆزگە نەۋئ.
خەستە كۆڭلۈم زەئىپ ئىبتەر، ۋاقىف بولۇڭ، ئەي دوستلار،
كىم بۇ كۈندىن دۇر بۇ زارى ناتەۋانىم ئۆزگە نەۋئ.
تەلبە كۆڭلۈمنى جۇنۇن ۋادىسى ئىچرە ئىستەمەك،
كىم بۇ قاتلا ئەتمىش ئول بىخانۇمانىم ئۆزگە نەۋئ.
ھالەتىم فەرھادۇ مەجنۇن قىسسەسىغە ئوخشاماس،
كىم ئىبرۇر ئىشق ئىچرە مۇھلىك داستانىم ئۆزگە نەۋئ.
ۋەئدە قىلدى ۋەسل ئۈچۈن بولدۇم ئەسىرى، ۋايكىم،
سۆزلەشۇر ئول زالىمى نامېھرىبانىم ئۆزگە نەۋئ.
بولماغىم رەسۋا، تاڭ ئەرمەسكىم، بۇ قاتلا خەلق ئارا،
فاش بولدى ئاسراغان سىررى نىھانىم ئۆزگە نەۋئ.
كۆڭلۈم ئالىپ، جانىمە قەسد ئەتتى ئول بىگانەۋەش،



ای حسینی بار ایدی آندین گمانیم اوزگه نوع
قیلدی بختیمنی قرا زلفی دیک اول ماه از فراق
نیچه کویدورگای منی دل خسته نی آه از فراق
گر نه وجه الله دور اول آی دیک یوزی یا رب نیدین
تیرگوزور اوز وصلی بیرلا اولتورور گاه از فراق
دانه خالینگ خیالی بیرلا ای گل خرمنی
نیچه ساوردونگ منی حسرت دا چون کاه از
هر کیشی نینگ جانیغه کیلدی اجل بیر یول بیله



آه کیلدی جانیم اوچون ایلابان راه از فراق
عاقبت یوز درد و حسرت بیرله بو مسکین حسین
اولتکوسی دور کورتامین یوزونگنی ناگاه از فراق
بار ایمیش یار اشتیاقی اسرو قاتیق اشتیاق
وصل تاپمان وه توگانماس ایمیش درد فراق
اوزگه عشق اهلینی بیلمان وه منگا یوقتور نصیب
عشق دین غیر از فراق و یاردین جز اشتیاق
یارسیز کورمان حیاتیمنی تریکلیک سانیغه

ئەي ھۇسەينىي، بار ئىدى ئاندىن گۇمانىم ئۆزگە نەۋئ.

ئەيزەن لەھۇ

قىلدى بەختىمنى قارا زۇلفىدەك ئۇل ماھ ئەز فىراق،
نىچە كۆيدۈرگەي مەنى دىل خەستەنى، ئاھ، ئەز فىراق.
گەر نە ۋەجھۇللاھدۇر ئۇل ئايدەك يۈزى، يا رەب، نىدىن
تىرگۈزۈر ئۆز ۋەسلى بىرلە، ئۆلتۈرۈر گاھ ئەز فىراق.
دانەئى خالىڭ خەيالى بىرلە، ئەي گۈل، خىرمەنى،
نىچە ساۋۇردۇڭ مىنى ھەسرەتتە چۇن كاھ ئەز (فىراق).
ھەر كىشىنىڭ جانىغا كەلدى ئەجەل بىر يول بىلە،
ئاھ، كەلدى جانىم ئۈچۈن ئەيلابان راھ ئەز فىراق.
ئاقىبەت يۈز دەردۇ ھەسرەت بىرلە بۇ مىسكىن ھۇسەين،
ئۆتكۈسىدۇر كۆرمەيىن يۈزۈڭنى ناگاھ ئەز فىراق.

ئەيزەن لەھۇ

بار ئىمىش يار ئىشتىياقى ئاسرۇ قاتتىق ئىشتىياق،
ۋەسل تاپمان، ۋەھ، توگەنمەس دەرد ئىمىش دەردى فىراق.
ئۆزگە ئىشق ئەھلىنى بىلمەن، ۋەھ، ماڭا يوقتۇر نەسىب،
ئىشقدىن غەير ئەز فىراقۇ ياردىن جۇز ئىشتىياق.
يارسىز كۆرمەن ھەياتىمنى تىرىگلىك سانىغا،


وه نی امکاندور تیریک بولماق سیور جاندین ایراق
ای کی لیلی هجریده سرگشته مجنون حالتین
دیرسین انکلای کیم نیچوک ایرمیش مینینک حالیمغه باق
ای صبا کیلدینک حسینی تیلبه کونکلین سورغالی
باردی میندین اول پری کویی ساری قیلغیل سوراق

تیلبه کونکلوم تا ایرور عشقینکدا شیدا ای رفیق
ایلامس اوزکا پریلار ساری پروا ای رفیق
تاپتی عمر جاودان آزرده جانیم تا ایرور


لعل سیرابینک خضر سوزونک مسیحا ای رفیق
طره نی رخسار اوزه قیلدینک پریشان وه نیتانک
کر دماغیمنی پریشان قیلسه سودا ای رفیق
خلقدین عشقینکنی پنهان ایلاماک مقصود ایرور
اوزکالار ساری کوزوم کر توشسه عمدا ای رفیق
اورتادی کونکلومنی مهرینک ذره بارمو ایکین
بو حرارتدین سینینک کونکلونکده آیا ای رفیق
بلبل شیدا اکر کلزار ارا مسکن قیلور
تیلبه کونکلومکا ایرور کویونکده ماوا ای رفیق

ۋەھ، نې ئىمكاندۇر تىرىگ بولماق سەۋەر جاندىن يىراق.
ئەيكى، لەيلى ھەجرىدە سەرگەشتە مەجنۇن ھالەتىن
دەرسەن، ئاڭلايكىم، نىچۇك ئەرمىش مېنىڭ ھالىمغا باق.
ئەي سەبا، كەلدىڭ ھۇسەينىي تەلبە كۆڭلىن سورغالى،
باردى مەندىن ئۇل پەرى كۇيى سارى قىلغىل سوراق.

## ئەيزەن لەھۇ

تەلبە كۆڭلۈم تا ئېرۇر ئىشقىڭدا شەيدا، ئەي رەفىق،
ئەيلەمەس ئۆزگە پەرىلەر سارى پەرۋا، ئەي رەفىق.
تاپتى ئۇمرى جاۋىدان ئازۇردە جانىم، تا ئېرۇر
لەئلى سىيرابىڭ خىزىر، سۆزۈڭ مەسىھا، ئەي رەفىق.
تۇررە نې رۇخسار ئۈزە قىلدىڭ پەرىشان، ۋەھ، نېتاڭ،
گەر دىماغىمنى پەرىشان قىلسا سەۋدا، ئەي رەفىق.
خەلقدىن ئىشقىڭنى پىنھان ئەيلەمەك مەقسۇد ئېرۇر،
ئۆزگەلەر سارى كۆزۈم گەر تۇشسە ئەمدا، ئەي رەفىق.
ئۆرتەدى كۆڭلۈمنى مېھرىڭ، زەررەئى بارمۇ ئىكىن
بۇ ھەرارەتتىن سېنىڭ كۆڭلۈڭدە، ئايا، ئەي رەفىق.
بۇلبۇلى شەيدا ئەگەر گۈلزار ئارا مەسكەن قىلۇر،
تەلبە كۆڭلۈمگە ئېرۇر كۇيۇڭدا مەئۋا، ئەي رەفىق.
گەنجى ۋەسلىڭكىم تىلەر مىسكىن ھۇسەينىي، ۋەھ، ئېرۇر


گنج وصلینک کیم تیلار پیکین حسینی وایزور
اول گدا کیم شاهلیق قیلغای تمنا ای رفیق
لعلی وزرا سبزه خطی نمودار یغه باق
شوخ رنگ آمیزلیکنینک شنگرف وزنگاریغه باق
ای که بیر زنجیر کفر ایچره تومان مینک اهل دین
کورمادیم دیرسین مقید زلفی زناریغه باق
سروا یوزا گل کورماکان بولسانک قد و یوزینی کور
جان شیرین ایستاسانک لعل شکر باریغه باق


ای که جنت روضه سی ایچره تیلارسین سرو و گل
گلشنی کویکا کیر قد بیرله رخساریغه باق
زخمی مهلک کونکلوم احوالیغه جانا رحم قیل
قانی تورماس یاره سین کور ناله زاریغه باق
دهر باغی نینک ریاحینیغا یوق بوی وفا
خواه رعنا لاله سین کور خواه گلزاریغه باق
گر حسینی صعب حالین عشقینک ایچره بیلماسانک
چشم خونریزیغه کوز سال جسم افگاریغه باق

ئول گەداكىم شاھلىق قىلغاي تەمەننا، ئەي رەفىق.

## ئەيزەن لەھۇ

لەئلى ئۇزرە سەبزەئى خەتتى نەمۇدارىغا باق،
شوخ رەڭگ ئامىزىنىڭ شىنگەرفۇ زەنگارىغا باق.
ئەيكى بىر زەنجىر كۇفر ئىچرە تۇمەن مىڭ ئەھلى دىن،
كۆرمەدىم دەرسەن مۇقەييەد زۇلفى زۇننارىغا باق.
سەرۋۇ ئۇزە گۈل كۆرمەگەن بولساڭ، قەدۇ يۈزىنى كۆر،
جانى شىرىن ئىستەسەڭ، لەئلى شەكەربارىغا باق.
ئەيكى، جەننەت رەۋزەسى ئىچرە تىلەرسەن سەرۋۇ گۈل،
گۈلشەنى كويىگە كىر، قەد بىرلە رۇخسارىغا باق.
زەخمى مۇھلىك كۆڭلۈم ئەھۋالىغا، جانا، رەھىم قىل،
قانى تۇرماس يارەسىن كۆر، نالەئى زارىغا باق.
دەھر باغىنىڭ رەياھىنىغا يوق بۇيى ۋەفا،
خاھى رەئنا لالەسىن كۆر، خاھى گۈلزارىغا باق.
گەر ھۇسەينىي سەئب ھالىن ئىشقىڭ ئىچرە بىلمەسەڭ،
چەشمى خۇنرىزىغا كۆز سال، جىسمى ئەفگارىغا باق.

## ئەيزەن لەھۇ

ئاھكىم، ئىشقىم ئوتىنىڭ بىر زەمان ئارامى يوق،



ئىستەگەن ئارام ئۇل ئۇتقا جۇز خەيالى خامى يوق.

ۋەسل شەمئىدىن يارۇپ، پەرۋانە ھالىمنى بىلۇر،

شامى ھەجرىمدەك چۇ ئانىڭ پۇر قارانغۇ شامى يوق.

ئارەزىڭنى ئاي دېسەم، ئەرمەس مۇۋەججەھ، نېگەكىم،

ئانىڭ ئاپەتلىق كۆزۈ رۇخسارەئى گۇلفامى [يوق].

مۇنچە دىن ئەھلىنىڭ ئىسلامىن ئالىپ كافىر كۆزۈڭ،

ۋەھ نې ھالەتدۇركى بىر كافىرچە ھەم ئىسلامى يوق.

خەلق سەيد ئەيلەردە تەڭ ئەرمەس سېنىڭ بىرلە قۇياش،

زۇلفۇ خالىدىن چۇ ئانىڭ دانە بىرلە دامى يوق.

بولسا ئالەم كامرانى، كامسىزگە ئۆتكەرۇر،

كىمكى پۇر شىرىن تەكەللۇمنىڭ لەبىدىن كامى يوق.

ئەي ھۇسەينىي، نەچچە كۈن خۇش تۇت بۇ فانىي دەھرنى،

كىم ئەمەس جەمشىد، ھەر شەھكىم قولىدا جامى يوق.

## ئەيزەن لەھۇ



ئەي، سائادەت مەتلەئى ئۇل ئارەزى ماھىڭ سېنىڭ،

ئەھلى بىنىش تۇتياسى خاكى دەرگاھىڭ سېنىڭ.

ئۇل ۋەفاسىز كۆڭلىدە چۇن يوقدۇرۇر رەسمى ۋەفا،

ئەي كۆڭۈل، نې يەرگە يەتكەي نالەۋۇ ئاھىڭ سېنىڭ.



قىلماغىل ھىجران ئىلىكىدىن شىكايەت، ئەي كۆڭۈل،

ئاقىبەت بولغاي مۇيەسسەر ۋەسلى دىلخاھىڭ سېنىڭ.

يا رەب، ئول دەۋلەت مۇيەسسەر دۇنيىدا بولغايمۇكىم،

سىھھەتىي تاپقاي يۈزۈڭ كۆرگەچ بۇ گۇمراھىڭ سېنىڭ.

نېچە ياشۇردۇڭ سەن ئەمدى ئىشق سىررىن ئەل ئارا،

فاش ئېتەر ئاخىر، ھۇسەينىي، چېھرەئى كاھىڭ سېنىڭ.

## ئەيزەن لەھۇ

سەندىن ئايرۇ تۇشكەلى، ئەي ماھى تابانىم مېنىڭ،

دەمبەدەم قان ياشى يىغلار چەشمى گىريانىم مېنىڭ.

چۇن مېنى ۋەسلىڭ بىلە شاد ئەتمەسەڭ، سورساڭ نولۇر،

كىم نېچۇكسەن، دەردىمە ئەي سىينە بىريانىم مېنىڭ.

ئىشكىڭدە كېچەلەر ئاھىستە ئەمدى يىغلارام،

كىم ئېتىڭگە بەرمەسۇن زەھمەت بۇ ئەفغانىم مېنىڭ.

دەردى ئىشقىڭ ھەددىن ئاشتى، قورقارامكىم، ناگەھان

ئاشكارا بولماغاي بۇ سىررى پىنھانىم مېنىڭ.

دېدى: مەنسىز دۇنيىدا نېتىپ تىرىلدىڭ، ئەي ھۇسەين،

راست دەرسەن، يازۇغۇمدىن كەچكىل، ئەي جانىم مېنىڭ.



## ئەيزەن لەھۇ

تۈشكەلى ھەجرىڭدە، ئەي سەرۋى گۈل ئەندامىم مېنىڭ،
نې كۆزۈمدە ئۇيقۇ بار، نې جاندا ئارامىم مېنىڭ.
يەتكۈرۈرمەن شامغا ھەجرىڭ كۈنىن يۈز رەنج ئىلە،
تاڭغا، ۋەھ، بىلمەنكى نې ياڭلىغ يېتەر شامىم مېنىڭ.
ھەر قاچان مەيگۈن لەبىڭ ھىجرانىدا چەكسەم قەدەھ،
ئىككى كۆز خۇنابىدىن دۇر لەببەلەب جامىم مېنىڭ.
سۆزى ئىشقىمنى سەبادىن، ۋەھ، نې نەۋئ ئىرسال ئېتەي،
كىم سەمۇم ئولۇر سەبا يەتكۈرسە پەيغامىم مېنىڭ.
دېگەسەن، ئەي نامە، ئېلتۇرمەككە زارۇ خەستەدۇر،
گەر ھۇسەينىي ھالىدىن سورسا دىلئارامىم مېنىڭ.

## ئەيزەن لەھۇ

شامى ھىجرانىم كۆرۈپ، سەن مېھر ئاتىن تۇتمادىڭ،
ۋەئدەئى سۇبھى ۋىسال ئەيلەپ، ئانى يارۇتمادىڭ.
ۋەسل بەھرىن تاپمايىن، تۈشتۈم چۇ ھىجران بەررىغە،
مەن سەمۇمى ھەجر ئارا كۆيدۈم، ئېلىكىم تۇتمادىڭ.
سەن زىلالى ۋەسلىنى تۇتقىل غەنىمەت، ئەي كۆڭۈل،





ۋەسلىن ئىستەپ، ۋەھ، نى قانلار ھەجرىدەكىم يۇتمادىڭ.

ئەي كۆڭۈل، گەر لافى ئىشق ئۇرساڭ مۇسەللەمدۇر ساڭا،

كۆپ جەفا ئاندىن كۆرۈپ، مېھرىڭنى ھېچ ئۆكسۈتمەدىڭ.

ئاھكىم، مىسكىن ھۈسەينىي ئۆلدى بۇ ھەسرەت بىلە،

بىر كۈن ئانى ئىتلارىڭ خەيلىغە سەن ياۋۇتمادىڭ.

## ئەيزەدىن لەھۇ

ۋەھكى، ئىشقىڭدىن جەھان ئىچرە فىغانىمدۇر مېنىڭ،

بارچە كۈيۈ كوچادا بۇ داستانىمدۇر مېنىڭ.

رەئدۇ بەرق ئەرمەس بولۇت ئىچرە كۆرۈنگەن ھەر تەرەف،

بىر قۇياش ھىجرانىدا ئوتلۇق فىغانىمدۇر مېنىڭ.

خەلق داغى ئاشكارا بولسە، نې سۇد، ئەي كۆڭۈل،

ئولكى بوتمەي قالغۇچى داغى نىھانىمدۇر مېنىڭ.

جىسم ئارا بۇ خەستە جاندىن كەلمەگىل ھەردەم بەتەڭ،

كىم بىر - ئىككى كۈن بۇ ئەۋدە مېھمانىمدۇر مېنىڭ.

ئۆمر ئۈچۈن قىلسام دۇئا، سەن قىلماغىل، يا رب، قەبۇل،

چۈن ھاياتىم ئىستەمەس شوخىكى جانىمدۇر مېنىڭ.

خۇنفىشان كۆزۈمدە قەددىڭنىڭ خەيالى بولكەلى،

جۇيبار ئەترافىدا سەرۋى رەۋانىمدۇر مېنىڭ.





ئاھۇ خۇنابىمنى لەھنۇ بادە ئەيلەپتۇر گۇمان،

ئۇل جەفاچى ئەھدى يالغان بەدگۇمانىمدۇر مېنىڭ.

ياردىن جۇز ياخشىلىق كەلمەس، ۋە لېكىن ئاللىدا

زۇلمىغا بائىس كۆڭۈل ئاتلىق يامانىمدۇر مېنىڭ.

گەر كۆڭۈلسىزلىكدىن ئۆلسەم ئەيىب قىلما، ئەي ھۇسەين،

ۋەھ، نېتەي، بەرمەس كۆڭۈلكىم دىلستانىمدۇر مېنىڭ.

## ئەيزەن لەھۇ

زۇلف ئاچىپ مەن تەلبەنى ئاشۇفتە ئەھۋال ئەيلەدىڭ،

چىنى ئەبرۇ كۆرسەتىپ كۆڭلۈمنى بىھال ئەيلەدىڭ.

ئۆپكەلى كەلدى كۆڭۈل زۇلفۇڭ ئۈچۈن، ئەي سەرۋىناز،

سەرفەراز ئەيلەر مەھەلدە ئانى پامال ئەيلەدىڭ.

جان قۇشىن سەيد ئەيلەمەككە لەئلىڭ ئۇزرە، ئەي قوياش،

دانەئى مېھر ئەكتىڭ، ئەمما ئانىنى خال ئەيلەدىڭ.

ھەر قاچان دېدىم ۋەفا قىل، ئەيلەدىڭ يۈزمىڭ ھەيەل،

ھەر قاچان دېدىم جەفا قىل، ئانى فىلھال ئەيلەدىڭ.

قەتل ئېتەي دەپ كەلمەدىڭ باشىمغا، ئەي سەرۋى رەۋان،

ئۆزگەلەر قەتلىغە بولدۇڭ مۇنى ئېھمال ئەيلەدىڭ.

تىغى قەتل ئۇردۇڭ كۆڭۈلگە، شۇكر ئېرۇر، لېكىن ماڭا


كرحسینی هجرارا دیدی فغان ایلای فغان
شکر کیم وصلینک بیله اول دم تیلین لال ایلادینک
غم ییلی جسمیم بناسین بولدی ویران قیلغودیک
قایسی ویران کیم قرا یربرله یکسان قیلغودیک
درد وغم سیلی داغی کوکلوم حریمیغه توشوب
اول سواد ایچره بوزوغلوق اولچه امکان قیلغودیک
اشک خونابی ایکی گریان کوزوم ننک یغورین
صبرو هوشوم کشورین بوزماقغه طوفان قیلغودیک


شعله واندوه اورتاب خسته جانیم خرمنین
صرصر آهیم کولین هریان پریشان قیلغودیک
گیرماگای ایردیم محبت کویکا بیلسام ایدی
کیم بولور رنج وصعوبت مونچه طغیان قیلغودیک
ساقیا می توت که شاید مستلیغ بولغای منکا
مونچه مشکل حالنی فی الجمله آسان قیلغودیک
ای حسینی تیماس اول آی سینینک فریادینکا
چرخ و انجم خود ایماس دردینکغه درمان قیلغودیک

كىم ۋەفاسىزلار غەمىدىن فارىغۇل ـ بال ئەيلەدىڭ.
گەر ھۇسەينىي ھەجر ئارا دېدى فىغان ئەيلەي، فىغان،
شۇكركىم، ۋەسلىڭ بىلە ئول دەم تىلىن لال ئەيلەدىڭ.

## ئەيزدىن لەھۇ

غەم يەلى جىسمىم بىناسىن بولدى ۋەيران قىلغۇدەك،
قايسى ۋەيران كىم، قارا يەر بىرلە يەكسان قىلغۇدەك.
دەردۇ غەم سەيلى داغى كۆڭلۈم ھەرىمىغە تۈشۈپ،
ئول سەۋاد ئىچرە بۇزۇغلۇق ئولچە ئىمكان قىلغۇدەك.
ئەشك خۇنابى ئىكى گىريان كۆزۈمنىڭ يامغۇرىن
سەبرۇ ھۇشۇم كىشۋەرىن بۇزماقغا تۇفان قىلغۇدەك.
شۇئلەۋۇ ئەندۇھ ئۆرتەپ خەستە جانىم خىرمەنىن،
سەرسەرى ئاھىم كۈلىن ھەريان پەرىشان قىلغۇدەك.
كىرمەگەي ئەردىم مۇھەببەت كۇيىگە بىلسەم ئىدى،
كىم بولۇر رەنجۇ سەئۇبەت مۇنچە تۇغيان قىلغۇدەك.
ساقىيا، مەي تۇتكى، شايەد مەستلىغ بولغاي ماڭا،
مۇنچە مۇشكىل ھالنى فىلجۇملە ئاسان قىلغۇدەك.
ئەي ھۇسەينىي، يەتمەسە ئول ئاي سىنىڭ فەريادىڭا،
چەرخۇ ئەنجۇم خۇد ئەمەس دەردىڭغە دەرمان قىلغۇدەك.



## ئەيزەن لەھۇ

ئول سەۋادى خەت ئىچىندە لەئلى خەندانىن كۆرۈڭ،
بەھرى غەم ئىچرە كۆزۈمنىڭ دۇررى غەلتانىن كۆرۈڭ.
چاكلاردۇر كۆڭلۈم ئول يۈز رەشكىدىن، ۋەھ، لالەدەك
ئورتاسىدا تازى داغۇ دەۋرىدە قانىن كۆرۈڭ.
چەھرە بىرلە سەبزەئى خەتتى ئىرۇر ھۆسنىغا رەيب،
ھۆسنى باغى زىنەتى گۈل بىرلە رەيھانىن كۆرۈڭ.
كۆز قارا قىلمىش كۆڭۈل مۈلكىنى تاراج ئەتكەلى،
ھەر سارى سەفلەر تۈزەتكەن خەيلى مىژگانىن كۆرۈڭ.
كۆز بىلە كۆڭلۈمگە ئول قان سالدى، گەر باۋەر ئەمەس،
كۆزۈ لەئلى ئەكسىۋ كۆڭلۈمدە پەيكانىن كۆرۈڭ.
بۇ چەمەننىڭ گۈللارىدا يوق ۋەفا، ئەي خۇبلار،
بەس، ۋەفا قىلماق غەنىمەت ھۆسن دەۋرانىن كۆرۈڭ.
ئەيكى دەرسىزكىم: ھۆسەينىي نى ئۈچۈن بىماردۇر،
لالەۋۇ گۈل ئۈزرە ياتقان ئىككى فەتتانىن كۆرۈڭ.

## ئەيزەن لەھۇ

ئۇچماسۇن مۇركۇنجلۇك كۆڭلۈم قۇشى، سەيد ئەيلەگىل،


خسته جانیم ننک علاجی بیر شکرخند ایلاکیل
یا رب اول یوزنی بیراق سالمه کوزومدین تا آنکا
مونچه گللار کیم آچیلمش بیرنی مانند ایلاکیل
یار جوریدین وفا اوستیکا کیلمیش ای کونکول
قیلماسون دیب اوزکا آنی عهدو سوکند ایلاکیل
تیلبه رب قالغان کونکول فهم ایلامایس پندنی هیچ
آنی لطف ایلاب طبیبا قایل پند ایلاکیل
ای حسینی گر اوزولسه کونکلونک اول پاره دین
آنی تیغ قطع ایله پرکند پرکند ایلاکیل


عشق دین کیلدی مینینک باشیمغا انچه صعب حال
کیم آنی فرهاد ایله مجنون قیلا آلماس خیال
عقل اننک اصلاحیغه هر نیچه کیم قیلدی ستیز
لیک عشقیم معنینی قیلماق ایدی امری محال
صبر و هوشوم ملکی بولدی اورتادا ییر برله تنک
مین بولوب پامال آتی خانومانیم اختلال
توشتی ایرکین ایلکا داغ عشق دین درد و بلا

دانەئى خالۇ كەمەندى زۇلفى ئىلە بەند ئەيلەگىل.

بىر ئاچىق سۆز بىرلە جانىمنى قىلىپسەن تەلخى كام،

خەستە جانىمنىڭ ئىلاجى بىر شەكەرخەند ئەيلەگىل.

يا رەب، ئول يۈزنى يىراق سالما كۆزۈمدىن، تا ئاڭا

مۇنچە گۈللاركىم ئاچىلمىش، بىرنى مانەند ئەيلەگىل.

يار جەۋرىدىن ۋەفا ئۈستىگە كەلمىش، ئەي كۆڭۈل،

قىلماسۇن دەپ ئۆزگە ئانى، ئەھدۇ سەۋگەند ئەيلەگىل.

تەلبەرەپ قالغان كۆڭۈل فەھم ئەيلەمەس پەندىمنى ھېچ،

ئانى لۇتۇف ئەيلەپ، تەبىبا، قايىلى پەند ئەيلەگىل.

ئەي ھۇسەينىي، گەر ئۈزۈلسە كۆڭلۈڭ ئول مەھپارەدىن،

ئانى تىغى قەتئ ئىلە پەركەندۇ پەركەند ئەيلەگىل.

## ئەيزەن لەھۇ

ئىشقدىن كەلدى مېنىڭ باشىمغا ئانچە سەئب ھال،

كىم ئانى فەرھاد ئىلە مەجنۇن قىلا ئالماس خەيال.

ئەقل ئانىڭ ئىسلاھىغا ھەر نېچە كىم قىلدى ستىز،

لېك ئىشقىم مەنئىنى قىلماق ئېدى ئەمرى مەھال.

سەبرۇ ھۇشۇم مۈلكى بولدى ئورتادا يەر بىرلە تەڭ،

مەن بولۇپ پامال، تاپتى خانۇمانىم ئىختىلال.





تۇشتى ئەركىن ئەلگە داغى ئىشقدىن دەردۇ بەلا،

ماڭا تۇشكەننىڭ مىڭدىن بىر، ۋەلې، يوق ئېھتىمال.

ئۆتمەگىل ھۇسن ئەھلى كويى سارى زىنھار، ئەي رەفىق،

گەر ئىنانمايسەن مېنىڭ ھالىمغا باقىپ ئىبرەت ئال.

ئەي ھۇسەينىي، چۈن ئىبرۇر نەۋمىدلىغ كۇفر، ئىلە سەئىـ.

كىم نەسىبىڭ ئافىيەت كويىنى قىلغاي زۇلجەلال.

## ئەيزەن لەھۇ

ھەجرىڭ ئوتى جىسمى زارىم قىلدى كۇل، ئەي يار، بىل

گەر بىنا قىلساڭ مەزارىم تەرھىن ئول كۇل بىرلە قىل.

قەتل ئېتىپ ئەۋۋارە كۆڭلۈمنى بۇزۇغ جىسمىم ئارا،

ۋەھ، بىلىپ بىلمەسكە سال، ئەي جان، كېلىپ نەززارە قىل.

ئول قەدۇ يۈز ھەجرىدىن ئۆلسەم، بىزەب گۇلبەرگ ئىلە،

تۇفراغىمنىڭ باشى ئۈزرە سەرۋ ئېكىپ، مىل ئەيلەگىل.

ئەيلەگەيلەر سەئب دەردىم شەرھىدىن ئىزھارى ئەجز،

بولسا ھەر زەخمىم ئاغىز، پەيكانىڭ ئول ئاغىزدا تىل.

گەر يۈزۈڭ بولسا مۇدەۋۋەر، سۇنبۇلۇڭ ئاسرۇ ئۇزۇن،

ھېچ ئەرمەستۇر ئەجەب، نىچۈنكىم، ئول ئايدۇر، بۇ يىل.

ئەي سەبا، يەتسەڭ مۇسافىر ئاھىمە، زىنھاركىم

ھەجر زىنداندا ئانسىز تىيرە ھالىمنى دىگىل.


حسنی دین گر بهره تاپماق ایستاسانک بیردم ایل
گلشن کوینکده ای جان روضهٔ رضوان خجل
یوزونک خطینک رشکیدین هم لاله وریحان خجل
اوج اگر توتتی نیگه کیردی یانه توفراق ارا
بولماغان بولسه سیرشکیم بحریدین طوفان خجل
نیوچون باشین قویی سالیب قیزارسون بولماسا
گلستان عارضینکدین لالهٔ نعمان خجل
باغ ارا نیوچون گل رعنا قیزارور سارغارور


گر آنی اول یوز گلی دین قیلمامیش دوران خجل
عشق دشتی اوزره مجنون دین اویاتسام تانک ایماس
گاه اولور هوش اهلیدین دیوانهٔ عریان خجل
جانی کوپ شوقیدا اورتای سین ولی فکر ایلاکیم
بولماغای سین تیسه ناگه وصلی ای هجران خجل
صدقه‌سی بولدی حسینی جان داغی قیلدی فدا
بولمادی یار الیدا باری بو سرگردان خجل
کیرپیکیمدین ای کونکول هردم قنات لار ساز قیل

ئىشق جامىدىن بولۇپسەن، ئەي ھۆسەينىي، ئاسرۇ مەست،
ھۆسنىدىن گەر بەھرە تاپماق ئىستەسەڭ بىردەم ئايىل.

## ئەيزەن لەھۇ

گۈلشەنى كۆيۈڭدا، ئەي جان، رەۋزەئى رىزۋان خىجىل،
يۈزۈ خەتتىڭ رەشكىدىن ھەم لالەۋۇ رەيھان خىجىل.
ئەۋج ئەگەر تۇتتى، نىگە كىردى يانا تۇپراق ئارا،
بولماغان بولسا سىرىشكىم بەھرىدىن تۇفان خىجىل.
نىۋۇچۇن باشىن قويى سالىپ قىزارسۇن، بولماسا
گۈلىستانى ئارەزىڭدىن لالەئى نۇئمان خىجىل.
باغ ئارا نىچۈن گۈلى رەئنا قىزارۇر، سارغارۇر؟
گەر ئانى ئۇل يۈز گۈلىدىن قىلمامىش دەۋران خىجىل.
ئىشق دەشتى ئۈزرە مەجنۇندىن ئۇياتسام، تاڭ ئەمەس،
گاھ ئولۇر ھۇش ئەھلىدىن دىۋانەئى ئۇريان خىجىل.
جاننى كۆپ شەۋقىدە ئۆرتەي، سەن ۋەلى فىكىر ئەيلەكىم،
بولماغايسەن يەتسە ناگەھ ۋەسلى، ئەي ھىجران، خىجىل.
سەدقەسى بولدى ھۆسەينىي، جان داغى قىلدى فىدا،
بولمادى يار ئاللىدا بارى بۇ سەرگەردان خىجىل.

## ئەيزەن لەھۇ

كىرپىكىمدىن، ئەي كۆڭۈل، ھەردەم قەناتلار ساز قىل،



.........................................................................

مەن نىياز ئەھلى تۇشۇپمەن، ئىشق ئارا، ئەي سەرۋىناز،

ھەرنېچەكىم مەن نىياز ئەتسەم ئەيان، سەن ناز قىل.

غايىبىم ھالىدىن، ئەي قاسىد، ھىكايەت قىلما، بەس،

ھەر نېچە ئەنجامىغا يەتسەڭ يانا ئاغاز قىل.

ئەيلەدىم، ئەي نامە، رازىمنى يازىپ، ئاغزىڭنى مۆھر،

يار ئەگەر كۆكسۈڭنى قىلسا چاك، شەرھى راز قىل.

ئىشق ئېتەر كۆكسۈمنى ھەردەم كۆپرەكۈ سەبرىمنى ئاز،

گەرچە سەن بىدادنى كۆپ يا ۋەفانى ئاز قىل.

ئەي فەلەك، چۈن مەن ئاڭا بولدۇم ئەسىر ئارتۇقسىدۇر،

تۇررەسىن تەررار ياخۇد غەمزەسىن غەمماز قىل.

ئەي ھۈسەينى، كۆڭلى چۈن بۇلبۇل كەبى قىلدىڭ ھەۋا،

بارى ئول گۇل گۈلشەنى كۈيىنى - ئوق ئەنداز قىل.

## ئەيزەدن لەھۇ

چۈن جۇنۇن زەنجىرىغە بولدۇم گىرىفتار، ئەي كۆڭۈل،

بولغاسەن مەن تەلبە ھالىدىن خەبەردار، ئەي كۆڭۈل.

قاچسام ئول زەنجىر ئىلە ئەۋۋارەلىغ سەھراسىغا،

قىلما ھالىمنى خىرەد ئەھلىغە ئىزھار، ئەي كۆڭۈل.

قويكى دەۋرانىنىڭ جەفا ئايىن ئېلى بىدادىنى،



بولمايىن ھەرگىز ئالار ئىچرە پەدىدار، ئەي كۆڭۈل.

ئاندا ھەم قويماي تاپىپ دىۋانەدۇر دەپ باغلابان،

سۆدرەپ ئېلتۇر بولسالار خەلقى ستەمكار، ئەي كۆڭۈل.

قىلسالار غەۋغا ئۇلۇس جانىمغا بىداد ئەتكەلى،

مەندىن ئول دەم لەھزەئى ئايرىلما زىنھار، ئەي كۆڭۈل.

شايەد ئول مەھۋەش تەماشا ئەيلە دىلبەرلەر بىلە،

كەلگەي ئول شەمشاد قەددۇ ماھ رۇخسار، ئەي كۆڭۈل.

كۆرگەچ ئانى گەر ھۇسەينىي ياڭلىغ ئەتسەڭ تەركى ھۇش،

ھەزرەتىدە قىلغامەن جانىمنى ئىيسار، ئەي كۆڭۈل.

## ئەيزەن لەھۇ



ھەددىن ئاشتى ئىشقىڭ ئوتى ئىچرە دەردۇ ھەسرەتىم،

ۋايكىم، سەن غافىلۇ كۆيدۇردى داغى فۇرقەتىم.

دەر ئېدىم ھەجرىڭ ئوتى سۇزىغا قالسام ئۆلگەمەن،

كۆيدۇرۇر بۇ غۇسسەدىن جانىمنى ھەردەم ھەيرەتىم.

مەن بارىپ، قالمىش ۋىسالىڭ باغى ئىچرە جان قۇشى،

ئوت ياقار يالىنىنى كۆيدۇرمەككە، ۋەھكىم، غەيرەتىم.

دەردۇ رەنجۇ مىھنەتۇ غەمغە تەھەممۇل ئەيلەدىم،

سەندىن ئايرۇ بولغالى، بىللاھكى، يوقتۇر تاقەتىم.


ای حسینی اول قویاش نینگ فرقتیغه توشکالی
یوقتورور حوروپری نینگ وصلی بر له الفتیم
نیچه بولغای وصلینگ امیدیغه دردو حسرتیم
رحم قیل کیم یوقتورور هجرینگده امیدی طاقتیم
اشتیاقینگ مونیسیم شوقینگ حریف مجلسیم
درد عشقینگ همدمیم رنج و غمینگ همصحبتیم
سینده یوق مهرو منگا یوق سیندین اوزماکا کونگول
واقعا باردور بو ایکی مشکل ایش اچره حیرتیم


جان ایچینده یاشورون توتتوم غمینگنی مدتی
مرحمت قیلغیل که موندین ناری یوقتور قووتیم
ای حسینی لعلیغا تا تیش قاداب مین یوقتورور
چشمهٔ حیوان بیله کوثر سویغه رغبتیم
سین غمیم بیلمای خیالینگ بیرله باردور حیرتیم
بیلگانینگنی انگلاسام بیلمان نی بولغای حالتیم
وای کیم یوز قاتلا قیلغای بیردیم اوز عشقینگنی فاش
وه که ایل اتینگنی ذکر ایلاردین ارتار غیرتیم

ئەي ھۇسەينىي، ئۇل قۇياشنىڭ فۇرقەتىغە تۈشكەلى،
يوقتۇرۇر ھۇرۇ پەرىنىڭ ۋەسلى بىرلە ئۈلفەتىم.

## ئەيزەن لەھۇ

نېچە بولغاي ۋەسلىڭ ئۇممىدىغە دەردۇ ھەسرەتىم،
رەھم قىلكىم، يوقتۇرۇر ھەجرىڭدە ئەمدى تاقەتىم.
ئىشتىياقىڭ مۇنىسىم، شەۋقىڭ ھەرىفى مەجلىسىم،
دەردى ئىشقىڭ ھەمدەمىم، رەنجۇ غەمىڭ ھەمسۇھبەتىم.
سەندە يوق مىھرۇ ماڭا يوق سەندىن ئۈزمەككە كۆڭۈل،
ۋاقىئەن باردۇر بۇ ئىككى مۇشكىل ئىشدا ھەيرەتىم.
جان ئىچىندە ياشۇرۇن تۇتتۇم غەمىڭنى مۇددەتى،
مەرھەمەت قىلغىلكى، مۇندىن نارى يوقتۇر قۇۋۋەتىم.
ئەي ھۇسەينىي، لەئلىغە تا تىش قاداپمەن، يوقتۇرۇر
چەشمەئى ھەيۋان بىلە كەۋسەر سۇيىغە رىغبەتىم.

## ئەيزەن لەھۇ

سەن غەمىم بىلمەي، خەيالىڭ بىرلە باردۇر ھەيرەتىم،
بىلگەنىڭنى ئاڭلاسام، بىلمەن نې بولغاي ھالەتىم.
ۋايكىم، يۈز قاتلا قىلغاي ئەردىم ئۆز ئىشقىمنى فاش،
ۋەھكى، ئەل ئاتىڭنى زىكر ئەيلەردىن ئارتار غەيرەتىم.
ئەلگە مەزكۇر ئۇلغاي ئاتىڭ دەپ ھەسەد مانىئ بولۇر،



يوقسە تۇتقاي ئەردى ئىشقىڭدا جەھاننى شۆھرەتىم.
ئۆزگە دەمغە سالماغىل ئۆلتۈرمەكىمنى، ئەي مەسىھ،
ۋەھم ئېتەرمەن بەرمەسۇن ئۆمر ئۆزگە دەمغە مۆھلەتىم.
ئەي ھۆسەينىي، نامە يازغاندا ئۆپەي دەپ ئاتىنى،
بۇ ھەۋەس بىرلە قەلەم ياڭلىغ بولۇپتۇر ھەيئەتىم.

ئەيزەن لەھۇ

مەن ھىلال ئولدۇم غەمىڭدىن، سەن قوياشسەن، ئەي سەنەم،
يوق ئەجەب، گەر بولسا مەندىن كەملىكۇ سەندىن كەرەم.
باغ ئارا خاشاك يەلدىن ھەر تەرەف مەيل ئەيلەسە،
سايەسىنى ئەيلەمەس باشىدىن ئانىڭ سەرۋ كەم.
چۈن غەمۇ فەريادۇ ئەفغانى ئېرۇر گۈل شەۋقىدىن،
ھەر نىھال ئۆزرە ئەگەر بۇلبۇل نەۋا تارتار، نې غەم.
ھەر قايان سەير ئەتسە پەرۋانە شەبىستان سەھنىدە،
بار بۇ رەۋشەنكىم چېكەر شەمئ ئوتى كۆڭلىدىن ئەلەم.
كۆزۈ زۇلفۇڭ بىرلە ئاغزىڭ سىررىن ئېلتۇر جان ئارا،
گەر ھۆسەينىي دەردى ئىشقىڭ يولىدا بولسا ئەدەم.



ئەيزەن لەھۇ

قەددۇ يۈزۈڭ ھەجرىدىن، ۋەھكىم، ماڭا بولمىش مۇدام،





سەرۋ مەيلى بەرتەرەف، گۇل ئارزۇسى خۇد ھەرام.

كۆزۈمە ھەر كىرپىك ئولسۇن بىر تىكەن، گەر سەنسىزىن

ئىستەبان گۇلگەشتىنى بوستان ئارا قىلسام خىرام.

دەشت ئۈزە يۈز لالەئى ياقۇت گۇن باردۇر ماڭا،

ھەجر خۇنابىن يۇتارغا چۇن كەرەكلىك بولسا جام.

ۋەھ، نې كۈن بولغايكى باغ ئىچرە تۈزۈبان بەزمى ئەيش،

قىلسا ئول سەرۋى رەۋان كۆز گۈلشەنى ئىچرە خىرام.

ھەجر ئارا قالغان ھۈسەينىي، ئەي سەبا، يەتسەڭ دېگىل،

مېھرىبان سەرۋى گۇل ئەندامىمغا كۆپدىن كۆپ سەلام.

## ئەيزەن لەھۇ

ۋەھكى، ئىشقىم شۇئلەسى ھەردەم چىكەر ئانداق ئەلەم،

كىم مەلائىك كۆزى دەردىدىن بولۇر ھەر لەھزە نەم.

زەئفەرانىي ئارەزىم لەۋھىدە، ۋەھ، شىنگەرف ئىلە،

شەرھى ھەجرىڭ يازغالى ھەركىرپىكىمدۇر بىر قەلەم.

تا ئەلىفدەك قەددۇ لامى زۇلفۇ ئاغزىڭ مىمىدىن،

ئايرۇ مەن، ۋەھ، كۆرمەدىم ھىجرانىدىن غەيرى ئەلەم.

كاتىبى تەقدىر ئەلگە گويىيا ئەيشۇ نىشات،

قىسمەت ئەتكەندە ماڭا دەردۇ بەلا قىلدى رەقەم.


قسمت ایتکاندا منکا درد و بلا قیلدی قسم
ای حسینی عشق اوقی کیم سینه پیوند ایتکالی
کیرپیکیم قان یاش ارادور ابنوس ایلیبقیم
اتشین خلعت دیما جسمیم اوزا ای دلبریم
کیم ایرور عشقینک اوقی بیرله توتاشقان پیکریم
یا ایرور سیمابی دیب قیلمه کمان کیم عشق اوتی
اورتادی مجروح جسمیمنی ایرور خاکستریم
دیما اخگر دیک لباسینک اوزرا بار سیمابی تون


کولدورور سیمابی سی داتشین دور اخگریم
زینت اوچون دیما بار جسمیمدا کوناکون لباس
عشق اورتاب سربسر قیلمیش بو زیب و زیورم
اوچقای ایردیم هر زمان از بس تکمیش ناوکینک
بولماسا ایردی اکر پیکانلاریکدین لنکریم
کوییدا خشتی کبی کون قویمیشام باش آستیغه
ایلایکیز زنهار جون اولسام لحد دا بستریم
ای حسینی بولمیشام زهد ریایی دین خلاص
بولغالی مغ کوییی ساری دیر پیری رهبریم

ئەي ھۆسەينىي، ئىشق ئوقىكىم سىينە پەيۋەند ئەتكەلى،

كىرپىكىم قان ياش ئارادۇر ئابنۇس ئىلە بەقەم.

## ئەيزەن لەھۇ

ئاتەشىن خىلئەت دىمە جىسمىم ئۇزە، ئەي دىلبەرىم،

كىم ئېرۇر ئىشقىڭ ئوتى بىرلە تۇتاشقان پەيكەرىم.

يا ئېرۇر سىيمابىي دەپ قىلما گۇمانكىم، ئىشق ئوتى

ئۆرتەدى مەجرۇھ جىسمىمنى، ئېرۇر خاكىستەرىم.

دىمە ئەخگەردەك لىباسىڭ ئۇزرە بار سىمابىي تون،

كۈلدۈرۈر سىمابىسىدا ئاتەشىندۇر ئەخگەرىم.

زىينەت ئۈچۈن دىمە بار جىسمىمدا گۇناگۇن لىباس،

ئىشق ئۆرتەپ سەربەسەر قىلمىش بۇ زىيبۇ زىيۋەرىم.

ئۇچقاي ئەردىم ھەر زەمان، ئەز بەسكى تەگمىش ناۋەكىڭ،

بولماسا ئەردى ئەگەر پەيكانلارىڭدىن لەنگەرىم.

كۈيىدا خىشتىيكى بىر كۈن قويمىشام باش ئاستىغا،

ئەيلەڭىز زىنھار چۈن ئۆلسەم لەھەددە بىستەرىم.

ئەي ھۆسەينىي، بولمىشام زۇھدى رىيايىدىن خەلاس،

بولغالى مۇغ كۈيى سارى دەير پىرى رەھبەرىم.


قیلغان ایرمیش اول پری ترک محبت بیلمادیم
توشکان ایرمیش جاودان کونکلوم مکا فرقت بیلمادیم
مین انکا جانی فدا قیلماقتا و اول جانیمه
هجر اوتی یاقمیش قویارغه داغ حسرت بیلمادیم
عاشق اولغاندا امیدیم بار ایدی نوش نشاط
اندا بار ایرکانی مونجه نیش محنت بیلمادیم
شعله شوقین یاروتتوم وه که هجرین جانیمه
هر بیر اوچقون بولماغین بیر برق آفت بیلمادیم


وصل امیدی بیرله عشق آسان کورونتدی وای کیم
اندا هر دم بار ایکانی مونجه شدت بیلمادیم
مبتلا بولغاندا اول کافرغه قیلدیم ترک جان
بیر یولی برباد اولورنی دین و ملت بیلمادیم
ای حسینی عشقنی قیلدیم نهان قالماق گمان
مونجه رسوالیق بیله توتماقنی شهرت بیلمادیم
نیچه کویکای هجر ایله فرسوده جانیم دمبدم
هجردین کونکلوم مکا یوربشم غم اوزرا درد والم

ئەيزەن لەھۇ

قىلغان ئەرمىش ئول پەرى تەركى مۇھەببەت بىلمەدىم،
تۈشكەن ئەرمىش جاۋىدان كۆڭلۈمگە فۇرقەت بىلمەدىم.
مەن ئاڭا جاننى فىدا قىلماقتاۋۇ ئول جانىمە
ھەجر ئوتى ياقمىش قويارغا داغى ھەسرەت بىلمەدىم.
ئاشىق ئولغاندا ئۈمىدىم بار ئېدى نۇشى نىشات،
ئاندا بار ئەركەننى مۇنچە نىشى مىھنەت بىلمەدىم.
شۇئلەئى شەۋقىن يارۇتتۇم، ۋەھكى، ھەجرىن جانىما
ھەر بىر ئۇچقۇن بولماغىن بىر بەرقى ئاپەت بىلمەدىم.
ۋەسل ئۈمىدى بىرلە ئىشق ئاسان كۆرۈندى، ۋايكىم،
ئاندا ھەردەم بار ئىكەننى مۇنچە شىددەت بىلمەدىم.
مۇبتەلا بولغاندا ئول كافىرغا قىلدىم تەركى جان،
بىر يولى بەرباد ئولۇرنى دىنۇ مىللەت بىلمەدىم.
ئەي ھۇسەينىي، ئىشقنى قىلدىم نىھان قىلماق گۇمان،
مۇنچە رەسۋالىق بىلە تۇتماقنى شۇھرەت بىلمەدىم.

ئەيزەن لەھۇ

نېچە كۆيگەي ھەجر ئىلە فەرسۇدە جانىم دەمبەدەم،


یار باردی کوزدین کوکلومدا فرقت شدتی
چرخ بیداد ایلادی جانیمغه دوران جور هم
کیچه کوندوز جانیمه زخم بلالار یوز قویوب
شام تا صبح اویقو یوقدین کونکلوم یوزمینک ستم
هجر ارا صبریم یوقی اندوه ارا کوپ مضطرب
اشک دین سیل بلا آه اوتیدین هر دم علم
بارچه بیر ساری یوقتور یار وصلیدین امید
تاپقاسین وصل ای کونکول اول دم که بولغایسین عدم
ای حسینی ماتمیم شرحینی دیدیم کیم یازای
سوزیدین هم صفحه غه اوت توشتی هم کویدی قلم
جون کونکول اوزدی جهاندین دهر کلزارین قویوب
قیل انینک ماواسینی یارب که کلزار ارم
قانی بیر مهوش انکا سوز و گدازیمنی دیسام
قانی بیر مشفقکی بیر دم انکا رازیمنی دیسام
یتتی چرخ اوراقی تولغای یتتی بحر اولسه مداد
بیر زمانلیغ هجر ارا سوز و گدازیمنی دیسام
دهر ارا آشوب کوپ توشکای سلامت قالغای آز

ھەجرىدىن كۆڭلۈمگە يۈز غەم، غەم ئۈزە دەردۇ ئەلەم.

يار باردى كۆزدىنۇ كۆڭلۈمدە فۇرقەت شىددەتى،

چەرخ بىداد ئەيلەدى جانىمغا، دەۋران جەۋر ھەم،

كېچە ـ كۈندۈز جانىما، ۋەھكىم، بەلالار يۈز قويۇپ،

شام تا سۇبھ ئۇيقۇ يوقدىن كۆڭلۈمە يۈزمىڭ سىتەم.

ھەجر ئارا سەبرىم يوقى ئەندۇھ ئارا كۆپ مۇزتەرىب،

ئەشكدىن سەيلى بەلا، ئاھ ئوتىدىن ھەردەم ئەلەم.

بارچە بىر سارىيۇ يوقتۇر يار ۋەسلىدىن ئۇمىد،

تاپقاسەن ۋەسل، ئەي كۆڭۈل، ئول دەمكى بولغايسەن ئەدەم.

ئەي ھۈسەينىي، ماتەمىم شەرھىنى دېدىمكىم يازاي،

سۆزىدىن ھەم سەفھەغە ئوت تۈشتى ھەم كۆيدى قەلەم.

چۈن كۆڭۈل ئۈزدى جەھاندىن دەھر گۈلزارىن قويۇپ،

قىل ئانىڭ مەئۋاسىنى، يا رەبكى، گۈلزارى ئىرەم.

## ئەيزەن لەھۇ

قانى بىر مەھۋەش، ئاڭا سوزۇگۇدازىمنى دېسەم،

قانى بىر مۇشفىقكى، بىردەم ئاڭا رازىمنى دېسەم.

يەتتى چەرخ ئەۋراقى تولغاي يەتتى بەھر ئولسا مىداد،

بىر زەمانلىغ ھەجر ئارا سۆزۇ گۇدازىمنى دېسەم.


درد و صبریم شرحی ایچره کوپ و آزینی دیسام
انکلاغایلار کیم حقیقت سرّیدین خالی ایماس
اهل ارا کیفیت عشق مجازینی دیسام
کوزکه تر دامن دورآنی نی دیین ار زیرا اگر
کونکول اتلیق ساده رند پاکبازینی دیسام
دوزخ اولسون مسکنیم گر طوبی و جنت سوزی
اوتسه انینگ اوترو سیدا سرو نازینی دیسام
وه نیتیکیم نازدا استغناسین ایلار پرکانور
هر نچه کیم نکتهٔ عجز و نیازینی دیسام


گویا کان پروانه مین دیک قالماغای هجران تونی
بزم ارا گر لمعهٔ شمع طرازینی دیسام
ای حسینی اهل سلامت کویدین بولغای جلا
گر نوایی یکلیغ آهنک حجازینی دیسام
گویا کان پروانه مین دیک قالماغای هجران تونی
بزم ارا گر لمعهٔ شمع طرازینی دیسام
ای حسینی اهل سلامت کویدین بولغای جلا
گر نوایی یکلیغ آهنک حجازینی دیسام

دەھر ئارا ئاشۇب كۆپ تۇشكەي، سەلامەت قالغاي ئاز،
دەردۇ سەبرىم شەرھى ئېچرە كۆپۈ ئازىمنى دېسەم.
ئاڭلاغايلاركىم ھەقىقەت سىررىدىن خالىي ئەمەس،
ئەل ئارا كەيفىييەتى ئىشقى مەجازىمنى دېسەم.
كۆزكى تەر دامەندۇر ئانى نې دەيىن ئەرزىر، ئەگەر
كۆڭۈل ئاتلىق سادە رىندى پاكبازىمنى دېسەم.
دەۋزەخ ئۇلسۇن مەسكەنىم، گەر تۇبىيۇ جەننەت سۇزى
ئۆتسە ئانىڭ ئۇترۇسىدا سەرۋى نازىمنى دېسەم.
ۋەھ، نېتەيكىم، نازۇ ئىستىغناسىن ئەيلەر، پۇركەنۇر،
ھەر نېچەكىم نۇكتەئى ئەجزۇ نىيازىمنى دېسەم.
كۆيمەگەن پەرۋانە مەندەك قالماغاي ھىجران تۈنى،*
بەزم ئارا گەر لەمئەئى شەمئى تەرازىمنى دېسەم.
ئەي ھۇسەينىي، ئەل سەلامەت كويىدىن بولغاي جىلا،
گەر نەۋائىي ياڭلىغ ئاھەنگى ھىجازىمنى دېسەم.

## ئەيزەن لەھۇ

داۋامى كېيىنكى ساندا

(نەشرگە تەييارلىغۇچىلاردىن گۈلئايىم ياقۇپ: شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتىدا، ئوبۇلقاسىم مەمەت: شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرجىمە مەركىزىدە)

* مۇشۇ مىسرادىن باشلانغان تۆت مىسرا شېئىر ئەسلىي قول يازمىدا تەكرار يېزىلىپ قالغان.

# كۆندىلىك تۇرمۇش ئادەتلىرى ۋە سەپەر ھەققىدىكى بايانلار

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت قۇدرەت ھەمراھ

**نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:** «كۆندىلىك تۇرمۇش ئادەتلىرى ۋە سەپەر ھەققىدىكى بايانلار» ناملىق بۇ تېكىست «ئاياللارنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرى»، «ئۇخلىماقنىڭ بايانى»، «كىر يۇيۇشنىڭ بايانى» ۋە «سەپەرنىڭ بايانى»دىن ئىبارەت تۆت پارچە مەزمۇندىن تەركىب تاپقان. تېكىستلەردىن «ئاياللارنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرى»، «ئۇخلىماقنىڭ بايانى»، «كىر يۇيۇشنىڭ بايانى»نى مۇھەممەد ئەلى داموللا، «سەپەرنىڭ بايانى»نى ئابدۇۋەلى ئاخۇندلار شۋېت مىسسىيونېرى گۇستاف رەكۋېتنىڭ ئالاھىدە تەشەببۇسى بىلەن خوتەن قەغىزى ۋە سىزىقلىق پەرەڭ قەغىزگە يازغان. تېكىستلەرنى قەشقەردىكى شۋېت مىسسىيونېرلىرى يىغىپ ساقلىغان ۋە كېيىن ئۇلار قەشقەردىن ئايرىلغاندا «قەشقەر باسما بۇيۇملىرى» تەركىبىدە شۋېتسىيەگە ئېلىپ كېتىپ، كېيىنكى كۈنلەردە لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى «ياررىڭ يىغىملىرى»غا تاپشۇرۇپ بەرگەن. بۇ تېكىستلەر ھازىر گۇننار ياررىڭ يىغىپ توپلىغان «ياررىڭ يىغىملىرى» نامىدىكى 207 ـ نومۇرلۇق ئارخىپتا ساقلانماقتا.

بۇ تېكىستلەردە ئەينى دەۋردىكى جەنۇبىي شىنجاڭ كىشلىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ئادەتلىرى ئىنتايىن ئىخچام بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا، «سەپەرنىڭ بايانى» ناملىق تېكىستكە بىر پارچە ھېكايىمۇ قىستۇرۇلغان بولۇپ، بۇ ھېكايىدە تۆت سەپەرداشنىڭ سەپەر جەريانىدىكى قىزىقارلىق ئىشلىرى ناھايىتى چۈشىنىشلىك ۋە قىزىقارلىق ھالدا بايان قىلىنغان. بۇ ئەسەر ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى، تىلى، يېمەك ـ ئىچمىكى قاتارلىق مەدەنىيەت قاتلاملىرىنى بەلگىلىك دەرىجىدە يورۇتۇپ بېرەلەيدۇ دەپ قاراپ، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنۇلدى.

تېكىستلەرنى نەشرگە تەييارلاشتا مەتىنشۇناسلىق پىرىنسىپى بويىچە ئەينى دەۋر ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالغان ئاساستا ئوقۇلغۇ قىلىندى ھەمدە بىر قىسىم كونا سۆز ـ ئاتالغۇلارغا ئىزاھ بېرىلدى.

(ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئوقۇلغۇسى)

## مەزلۇم خەلقنىڭ قىلادۇرغان ئىشلارى

خەمىر ئېتىپ نان ياپادۇر. يەنە خەمىرنى يايىپ كېسىپ ئۇگرە ئاش، باشقا ھەر قىسمى غىزالارنى مەزلۇم خەلق قولىدىن چىقادۇر. كىيىملەرنى ھەم ئۆي ئىچىدە مەزلۇملار قىلادۇر. مەگەر[①] ئەغنىيالارنىڭ[②] خاتۇنلارى سەيفۇڭغا[③] بېرىپ تىكتۇرۇپ كىيەدۇر. ئاملار[④] ئىچىدە ئۆيىدە ئۆزى قىلادۇر. ئۆي سۇپۇرەدۇر، كىيە يۇيادۇر، باش باقادۇر[⑤] ۋە باش تارايدۇر[⑥]، ئۇسما قويادۇر، ئۇپا ـ ئەڭلىك سۇرتەدۇر. بۇ مەزكۇرلار

ھەر مەزلۇمنىڭ قىلادۇرغان ئۆز ئىشىدۇر. ئەمدى ھۈنەر توغراسىدىن: دوپپا تىكەدۇر، ياغلىق، روماللارگە يىڭنە بىلەن گۈل كەلتۈرۈپ تىكەدۇر. بەئزى ھۈنەرمەند خاتۇنلار چاپان، كۆڭلەك تىكەدۇر. چەرخ ئىگىرىپ[7] يىپ قىلىپ ساتادۇر. سەھرا مەزلۇملارى دېھقانچىلىققا يارى بېرەشەدۇر[8]. زىرائەت قىلغاندىن كېيىن تەمام زىرائەتنى ئوتىدىن خەبەر ئالىپ ئوتاپ، كالا ساغىپ ھەم چەرخ ئىگىرىپ تەمام كىيىملەرنى ئۆز ئۆيىدىن چىقارادۇر. يېمەك - ئىچمەك پىشۇرماق، ياپماق، يۇماق، تىكمەك، ئوتاماق، ئىگىرمەك، قۇناق سويماق، ئۆگۈت ئەتمەك، بۇلار ئاراسىدا قاشلىق ئەتمەك، ئوسما قويماق، ئۆپا - ئەڭلىك سۈرتمەك، ساچ سالماق، باش باقىشماق، ئۆزگە زىننەت قىلىپ پەرداز قىلماق، ئۇلاغ باقماق، ئوران سالماق[9]، ئوران يىغماق، سۈپۈرمەك، سۇفرە[10]، تەختە، نوغۇچ، قاپاقتا سۇ كەلتۈرمەك سەھرا مەزلۇملارىنىڭ ئىشىدۇر. بەئزى مەزلۇم باش ئوياپ بېرىپ[11]، شۇنىڭدىن كۈن ئۆتكۈزەدۇرغان مەزلۇم بار.


مظلوم خلق نینک قیلادورغان ایشلاری
خمیر ایتیب نان یاپادور بیه خمیرنی یایب کسیب اوگره آش باشقه هر قسمی غذا
لارنی مظلوم خلق قولیدین چیقادور کییملارنی هم اوی ایچیده مظلوملار قیلادور مگر اغنیالار
نینک خاتونلاری سیغونک غریب تیکتوروب کیادور عام لار ایچیده اوییده
اوزی قیلادور اوی سپورادور کیه یو یادور باشی باقادور و باشی تارایدور اوسمه
قویادور او پا انکلیک سورتادور بو مذکورلار هر مظلوم نینک قیلادورغان اوز ایشیدور
ایمدی هنر توغراسیدین دوپه تیکادور یاغلیق رومال لارگا ینکنه بیلان گل کلتوروب
تیکادور بعضی هنرمند خاتونلار چاپان کونکلاک تیکادور چرخ ایگیریب ییب قیلیب
ساتادور صحرا مظلوملاری دهقانچیلیقغه یاری براشادور زراعت قیلغاندین کین
تمام زراعتنی اوتیدین خبر الیب اوتاب کالا صاغیب هم چرخ ایگیریب تمام کیم لارنی
اوز اوییدین چیقارادور یماک ایچماک پشورماق یاپماق یوماق تیکماک اوتاماق
ایگیرماک قوناق سویماق اوگوت اتماک بولار اراسیدا قاشلیق اتماک اوسمه قویماق
او پا انکلیک سورتماک ساچ سالماق باش باقیشماق اوزیگا زینت قیلیب
پرداز قیلماق اولاغ باقماق اوران سالماق اوران ییغماق سپورماک سفره
تخته نوغوچ قپاقدا سو کلتورماک صحرا مظلوم لاری نینک ایشیدور بعضی
مظلوم باشی اویاب بریب شونینکدین کون اوتکوزادورغان مظلوم بار

## ئۇخلاماقنىڭ بەيانى

ئادەم ئۇخلاغاندا ھەممە نەرسەلەردىن بىخەبەر بولادۇر. بۇنى قاتتىق ئۇيقۇ دەرلەر. قاتتىق ئۇيقۇنىڭ سەبەبى شۇنداغ بولۇركى، ئاچ قورساققا جىق غىزا يەپ ئۇيقۇلاغان[12] ھالەتدە مەئدەنىڭ[13] ئوتى ئۆرلەپ[14] ھەزىم قۇۋۋەتى قايناغاندا بىر نەرسە تۇيماي ئۇخلايدۇر. بەلكى ھەر تەرىقە[15] تۇشلەرنى[16] كۆرۈپ، تۇشىدە قورقۇپ، «مېنى قارا باستى» دەپ ئايتۇرلار. بەئزى كىشىلەر خورەك تارتىپ ئۇخلاسا، «قالتىس ياتىپ قالىپدۇرمەن» دەپ ئايتۇرلار. بەئزىلەر چۆرچۈپ[17] ئويغانادۇر. بۇ ھەم غىزانىڭ ھەزىم بولماغانىدىندۇر. خەلق ئاراسىدا رىۋايەت قىلۇرلاركى، ھەر ئادەمگە خۇدايى تەئالا ئىككى رۇھ بېرىپدۇر. بىرى رۇھى مۇقىم[18] ۋە يەنە بىرى رۇھى رەۋان[19]. رۇھى مۇقىم ئادەم بەدەنىدە ئۇخلاغاندا تۇرادۇر. ئەمما، رۇھى رەۋان ئادەم ئۇخلاغاندا بەدەندىن چىقىپ ھەر تەرەفكە سەير - تەماشاھ ئۈچۈن چىقىپ كىشىگە ۋاقىئ بولادۇرغان فائىدە - زىياننى كۆرەدۇر. ئۇخلاغان كىشىگە ئۇيقۇدا مەئلۇم بولادۇر، بەس. ئول كىشى قوپقاندا «مۇنداغ تۇش كۆرۈپدۇرمەن، ئانداغ تۇش كۆرۈپدۇرمەن» دەپ ئايتۇرلار. يەنە بەئزى كىشىلەرنىڭ ئۇيقۇسى سەرگەكدۇر. يىنىك ئۇيقۇ سەھل[20] بىر شەرفە[21] بولسا، ئانى تۇيارلار. زاھىرەن[22] مەئلۇم بولادۇركى، ئۇلار يېگەندە قورساقى ئاچىپ ئىشتىھاسى كەلگەندە، يەرلەر، يېگەندە تەخى يىگۇسى بار ۋەقتىدە غىزادىن قول يىغارلار. مۇنداغ كىشىلەر ھەمىشە ساقدۇر. ئۇخلاغان ئۇيقۇسى يېنىك، قاتتىق ئۇيقۇدا ئەمەسدۇرلار. ئانداغ كىشىلەر تۇش كۆرسە، تەئبىرى ئۇچۇق، كۆرگەن تۇشى ۋە ۋۇقۇئغە[23] كېلۇر ۋە يەنە ئاچ قورساق ياتىپ ئۇخلاغانلار ئەۋۋەل ئۇيقۇسى كەلمەس، قاچانكى كەلسە، چۆرچۈپ ئويغانۇرلار. ئاچ قورساق ئۇخلاماقلىق قۇۋۋەتى ھازىمەنى[24] زەئىف[25] قىلۇرلار. بەئزى ئادەم ئۇيقۇدا بوغۇلۇپ قالۇرلار. سەبەب، قۇۋۋەتى ھازىمە زەئىف غىزانىڭ بۇخارەتى[26] دىماغ تەرەفكە سۇئۇد قىلىپ[27] ئۆرلەگەندە بوغۇلۇپ قالۇرلار، سەبەبى شۇدۇر. ئۇخلاغالى ياتقاندا ئەغنىيالار سىم چەھارپايە[28] ئۈستىدە يۇمشاق كۆرپە سالىپ باشىغا تەكيە ئۈچۈن پەرقۇ تەكيە[29] قويۇپ، ياستۇق ئۈستىگە پەردە يايىپ ياتادۇر. غەنىيلىقى ئوتراھال كىشىلەر چېگە چەھارپايە ۋەيا كارۋات ساندۇق ئۈستىدە كىگىز سالىپ، توزغاق سالغان تەكيە قويۇپ، كۆرپە سالىپ، يوتقان يايىپ ياتادۇر. كەمبەغەل بىچارەلەر يەردە ئۈستىدە كوھنە - يېڭى كىگىز تاپسا سالىپ، سامان تىققان تەكيە قويۇپ، كوھنە - يېڭى يوتقان بولسا يايىنىپ، بولماسا داق يەردە ئۈچاسىداكى كىيىملەر بىلەن ياتادۇر. ئۇلارنىڭ ياشلارى باشىغا خىشت ۋەيا يىغاچ ۋەيا ھېچنېمە قويماي داق يەردە ياتادۇر. ئۇلارنىڭ ئۈششاق بالالارى قۇملۇق، يۇمشاق يەرلەردە تەكىگە بىر نېمە سالماي ياتادۇر. قىش بولسا، تەكيەگە شال پاخالى يا زىغىر پاخالى ۋەيا يېكەن سالىپ ياتادۇر. ئۆيگە مەش ۋەيا سەندەل ۋەيا كاڭ قىلغالى كۈچى يەتمەگەنلەردۇر.


اوخلاماقنینگ بیانی
آدم اوخلاغاندا همه نرسه لاردین بیخبر بولادور بونی قاتیق اویقو دیرلار قاتیق اویقونینگ سببی
شونداغ بولورکه آچ قورساققه جیق غذا ییب اویقولاغان حالت ده معده نینگ اوتی
اورلاب حضم قوتی قاینا غاندا بیر نرسه طومیای اوخلایدور بلکه هر طریقه توشلارنی کوروب
توشیدا قورقوب منی قرا باستی دیب ایتورلار بعضی کشیلار خوراک تارتیب اوخلاب

قالتوس یاتیب قالیب دورمن دیب ایتورلار بعضی لار چوروب اویغانادور بو ہم غذانینک
حضم بولماغانیدین دور. خلق ارا ایدا روایت قیلورلارکه ہر آدمگا خدای تعالی ایکی روح بیریبدور
بری روح مقیم دیبه بری روح روان روح مقیم آدم بدنیده اوخلاغاندا تورادور اما روح روان
آدم اوخلاغاندا بدندین چیقیب ہر طرفکا سیر تماشا اوچون چیقیب کشیکا واقع
بولادور غان مائده زیان نی کورادور اوخلاغان کشیکا اویقودا معلوم بولادور پس
اول کشی توشیدا موندا غ توش کوروب دورمن انداغ توش کوروب دورمن دیب
ایتورلار دیبه بعضی کشیلار نینک اویقوسی سرکک دور بعضینینک اویقوسی سهل برشرفه
انی طویارلار ظاهراً معلوم بولادورکه اولار ییکانده قورساقی اجیب اشتهاسی
کلکانده یرلار ییکانده تخی ییکوسی باروقتیدا غذادین قول تیارلار موندا غ کشیلار
ہمیشه ساق دور اوخلاغان اویقوسی ینیک قاتیق اویقودا ایماسی دورلار
انداغ کشیلار توشی کورسه تعبیری اوچوق کورکان توشی و قوعغه کلور دیبه
آچ قورساق یاتیب اوخلاغانلار اول اویقوسی کلماس قچانکه کلسه چوروب
اویغانورلار آچ قورساق اوخلاماقلیق قوت حاضمه نی ضعیف قیلورلار
بعضی آدم اویقودا بوغولوب قالورلار سبب قوت حاضمه ضعیف غذا نینک
بخاراتی دماغ طرفکا صعود قیلیب اورلاکانده بوغولوب قالورلار سببی شو دور
اوخلاغالی یاتقاندا اغنیالار سیم چهار پایه اوستیده یومشاق کورپه سالیب
باشیغه تکیه اوچ پرقو تکیه قویوب یاستوق اوستیکا پرده یابیب یاتادور
غنیلیقی اوتراحال کشیلار چیکا چهار پایه ویا کاروات ویا کارت صندوق اوستیده
کیکیز سالیب توزغاق سالغان تکیه قویوب کورپه سالیب یوتقان یابیب یاتادور
کمبغل بیچاره لار پرده اوستیده کهنه نیکی کیکیز تاپسه سالیب سمان تیقلان
تکیه قویوب کهنه نیکی یوتقان بولسه یابینیب بولماسه واق پرده اوچاسیدا کیم لار
بیلان یاتادور اولار نینک یاتش لاری باشیغه خشت ویا یغاچ ویا ہیچ نیمه قویماي
واق پرده یاتادور اولار نینک اوشاق بالالاری قوملوق یومشاق یرلاردا تکیکا
برنیمه سالماي یاتادور قیش بولسه تکیکا شال بخالی یا زغیر بخالی ویا یکن
سالیب یاتادور اوییکامش ویا صندل ویا کانک قیلغالی کوچی یتماگانلار دور

## كىيە يۇماقنىڭ بەيانى

كىيە[10] يۇغاندا، ھەر فاختەسىز لىباسنى يۇرۇرلار[11]. كىيە يۇرۇيدۇرغان لازىملىق ئەسباب تاشتەك ياكى تاڭلا[12]، كىيە يايغالى تەناب ياكى تەنا، بىر قازان، نوگاي، سابۇن[13]، سۇ لازىم بولۇرلار. قىش كۈنلەرى بولسا، سۇنى ئىسسىتىپ يۇرارلار. بۇ ئالتەشەھەردە كىيەنى خاتۇن كىشىلەر يۇرۇرلار. باشقا شەھەرلەردە ئەر كىشى يۇرۇرلار. تاشتەك دەپ كىيە قاچاسىنى ئايتۇر. ئانى ساپالدىن تەييار قىلادۇر. تاڭلا ھەم يىغاچدىن قىلغان كىيە قاچاسىدۇر. كىيە يايادۇرغان تەناب ياكى تانا ئاغرامچى ياكى شوينادۇر. سۇ قۇيماق ئۈچۈن قارا قازان يا مىس قازان ياكى باشقا ئەسباب، سۇ ئۇسغالى نوگاي، يەئنى قاپاق يا چۆمۈچ ئىشلەتەدۇر. كىيەچى دازمال ئىشلەتمەيدۇر. لېكىن كىيە سۈيىگە سۈزۈك سۇ ئىشلەتەدۇر. كىيەنى يۇپ بولۇپ تەنالارغا يايىپ قۇرۇتۇپ قاتلاپ بېرەدۇر.

كیه یوماقینینگ بیانی

کیه یوغاندا هر فاخته سز لباس نی یورورلار کیه یورویدورغان لازم لیق اسباب
تاشنک یاکه تانکلا کیه یایغالی طناب یاکه تنا بر قزان نوگای صابون سو لازم
بولورلار قیش کونلاری بولسه سونی ایستیب یورارلار بو التشهرده کیه نی خاتون
کیشیلار یورورلار باشقه شهرلارده ایرکشی یورورلار تاشنک دیب کیه قاچاسینی
ایتور انی سپالدین طیار قیلادور تانکلا هم ییغاچدین قیلغان کیه قاچاسیدور
کیه یایادورغان طناب یاکه تنا اغرامچی یاکه شوینادور سو قویماق اوچون قرا قزان
یا مس قزان یاکه باشقه اسباب سو اوسغالی نوگای یعنی قپاق یا چوموچ
ایشلاتادور کیه چی داز مال ایشلاتمایدور لیکن کیه سویکا سوزوک سو
ایشلاتادور کیه نی یوب بولوب تنالارغه یایب قوروتوب قاتلاب برادور

# سەفەرنىڭ بەيانى

سەفەر ئىنسانغا بەئزى ۋەقت لازىم بولادۇر. بىر شەھەردە ئۇرۇغ ـ قاياشلارى[4] بولسا بارماق لازىم بولسا سەفەر ھەم زەرۇر بولادۇر. سەۋداگەر خەلق تولاراق سەفەر قىلادۇر. بىر ئادەم بىر شەھەردىن يەنە بىر شەھەرگە، بىر ئىقلىمدىن يەنە بىر ئىقلىمغە سەفەر قىلماق لازىم بولسا، پىيادە ئادەمغە يولدىن باشقا يەتكۇدەك ئوزۇق، ئوبدان ئۇستەباش[5] لازىم بولادۇر. ئاتلىق بولسا، قەرارىغا يەتكۇدەك بوغۇز، ئوزۇق، يولغا لازىم بولادۇرغان چىنە ـ چۆگۈن، ئاتغا كېرەك بولادۇرغان ئامبۇر، بولقا، تاقا، مىخ لازىم بولادۇر.

كۈنلەردە بىر كۈن بىر زاھىد، بىر يىغاچچى، بىر زەرگەر، بىر سەيفۇڭ تۆرت كىشى سەفەر قىلىپ بىر نەچچە كۈن يول يۈرۈپ بىر ۋەھشەتلىك بەيابانغا كەلدىلەر. بۇلارنىڭ كۆزلەرى ئۇيقۇسىزلىقدىن ئاغىرلاشىپ ئەردى. ئۇيقۇلايلى دېسە، كېچەدە ۋەھشى ھەيۋانلاردىن قورقۇپ ۋەھشەت قىلۇر[6] ئەردىلەر. ئاخىر شۇنداغ مەسلەھەت قىلدىلاركى، كېچەنى تۆرت ھەسسە قىلىپ، ھەر ھەسسەدە بىر كىشى ئۇيقۇلۇماي خەبەردار بولغالى تەئىن قىلىپ، ئەۋۋەلقى ھەسسەدە يىغاچچى ئولتۇرۇپ خەبەر ئالۇر ئەردى. قالغان ئۈچۈلەن ئۇيقۇلار ئەردى. يىغاچچىنى ئۇيقۇ غەلبە قىلىپ مۇرگۇدەپ يىقىلغالى ئاز قالدى. دەرھال قولىغا كەركە ئالىپ، پەئمەل بولماق[7] ئۈچۈن ئاچ يىغاچچىدىن[8] ئون تۆرت ياشار بىر قىز بالانىڭ سۇرەتىنى چاپىپ، تەييار بولغاندا سەيفۇڭنى ئويغاتىپ قويۇپ ئۇيقۇغا مەيلە قىلدىلار. ئەمما سەيفۇڭ بىدار ئەردى[9]. ۋەھشەتدىن ھەر تەرەفكە قايىلار[10] ئەردى. ناگاھ[11] نەزەرىدە بىر قىز بالانىڭ ئۆرە تۇرغانىنى كۆرۈپ، تولا قورقۇپ ئۆرە تۇرۇپ قارالاغاندا، يىغاچدىن ئەتكەن سۇرەتلىكى مەئلۇم بولۇپ، دوستىنىڭ ھۈنەرىنى ئاشكارا قىلغانىنى بىلدى. «دەرھال مەن ھەم بىر ھۈنەر ئاشكارا قىلاي» دەپ ئەسباب ساندۇقىنى ئاچىپ، تولا ئەجايىپ بىر كۆڭلەك ۋە زىينەتلىك بىر چەففان تىكىپ كەيدۈرۈپ قويۇپ زەرگەرنى ئويغاتىپ ئۇيقۇغا مەيلە قىلدىلار. زەرگەر ئاقىل بىر ئادەم ئەردى. دوستلارىنىڭ ھۈنەرىنى كۆرگەندە، ئەسبابلارىنى ئالىپ ئوتنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ كىسسەسىدىن[12] ئىككى دانە ياقۇت چىقارىپ سۇرەتكە كۆز قويدى. بىر پارچە ئالتۇن چىقارىپ، ياخشى تەرتىپ بىرلە بىر جۈپ زىرىھ[13] ئېتىپ قولاقىغا سالىپ ھۈنچەدىن[14] تىش[15] ئاغزىغا قويۇپ، زاھىدنى ئويغاتىپ ئۇيقۇغا مەيلە قىلدىلار. زاھىد ھەرگىز خۇدادىن غافىل ئەمەس ئەردى. تىز يۈكۈپ دۇئا قىلىپ تۇرغاندا، نەزەرىدا تولا چىرايلىق بىر قىز بالانىڭ تۇرغانىنى كۆرۈپ قايىلغاندا ھەمسەفەرلەرىنىڭ ھۈنەرلەرىنى تونۇپ، ئىبادەتدىن كېيىن قول كۆتەرىپ شۇنداغ دۇئا قىلدىكى: «ئەي كەرەملىك پادشاھ، مەن ھەمرالارىمنىڭ ئالدىدا بىھۈنەردۇرمەن. مېنىڭ ھۈنەرىم سېنىڭ ئۇلۇغ ئىرادەڭنى[16] ۋە خۇشنۇدلىقىڭنى[17] ئىستەپ، ساڭا ئىتائەت قىلماق تۇرۇر. بۇ كۈن بۇلارنىڭ ئالدىدا مىسكىن خىزمەتكارىڭدىن ھەم بىر ھۈنەر ئاشكارا قىلىپ، بۇ سۇرەتكە جان ئەتا قىلغايسەن» دەپ تەلەپ قىلىپ دۇئا قىلدى. دۇئالارى دەرگاھى ھەقدە ئىجابەت بولۇپ، سۇرەت تىرىلىپ زاھىدغا سەلام قىلىپ گەپلەشكەندە تاڭ يارۇپ ئەردى. ئۈچۈلەن ئۇيقۇدىن ئويغانىپ زاھىد بىرلە قىزنىڭ گەپلەشىپ تۇرغانىنى كۆردىلەر. بۇ قىز نىھايىتى خۇشروي ئەردى. بۇلار يولغا تەييار بولغاندا، يىغاچچى زىددە قوپۇپ[18]: «بۇ قىز ئەلبەتتە مەن بىرلە ھەمراھ بولۇپ بارۇر، مېنىڭ سەبەبىم بىرلە بولدى» دەپ ھۇسەد قىلدىلار. ئول ۋەقت سەيفۇڭ ئاغاز قىلىپ ئايتتى: «بۇ قىز مېنىڭكى بولۇر، قانچە خەرىت بىرلە زىينەت بەرگەندۇرمەن» دېدى. زەرگەر ئۈنلۈك ئاۋاز بىرلە توۋالاپ، سەيفۇڭنىڭ گەردەنىغە بىر مۇش ئۇرۇپ ئايتتى: «سېنىڭ خىزمەتىڭ

مېنىڭ خىزمەتىمنىڭ يۈزدىن بىرىگە بەرابەر كېلەمدۇر؟ ئەلبەتتە، بۇ قىز مېنىڭكى بولۇر» دەپ جېدەل قىلىپ قوپتىلار. بۇلار مۇنداغ ماجەرانى قىلغاندا، زاھىد ئاراغا تۈشۈپ ئايتتى: «ئەي ئەھمەقلەر، مەن دۇئا قىلماسام كىمنىڭ ھەددى بولۇر ئەردىكى، بۇ قىزنىڭ سۈرەتىنى كۆتەرىپ ئالىپ كەتكەلى تاشلاپ كېتەر ئەردىڭلار. خۇدا كىمغە بۇيرۇسا شۇنىڭكى بولۇر» دەپ نەسىھەت قىلىپ تۇرغاندا، بىر سەيرچى كىشى ئات بىرلە كېلىپ بۇلارنىڭ ئاغزىدىن چىققان سۆزلەرنى ئاڭلاپ تۇرۇپ: «ئەي ئوغرىلار، بۇ مېنىڭ سىڭلىم ئەردى، يۈتتۈرۈپ ئەردىم. سىزلەر ئوغورلاپ بۇ جاڭگالغا كەلتۈرۈپدۇرسىزلەر. ھازىر ئالىپ كېتەرمەن» دەپ زورلۇق قىلىپ تۇرغاندا، پادشاھنىڭ ياساۋۇلى بۇ يول بىرلە بىر خىزمەتكە بارۇر ئەردى، يېتىپ كېلىپ بۇ جەدەلنى باشدىن ـ ئاياغقىچە ئاڭلاپ، بۇ بەش دەئۋاگەرنى ئالدىغا سالىپ پادشاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئالىپ باردىلار. پادشاھ بۇ قىزنى كۆرۈپ تولا خۇش بولۇپ دەئۋاگەرلەرگە ئىنئام بېرىپ ئۆزۈم ئالۇرمەن دەپ بۇيرۇغاندا، جۇغلاشقان جۇمھۇرىيەتلەر: «ھەقىقەت قىلىپ ئالغىل» دەپ تۇۋالاشتىلار. پادشاھ: «ئانداغ بولسا شەجەرەتۇل ـ ھەكىمغە[49] ئېلتىڭلار[50]» دەپ بۇيرۇدى. ئول بىر تۈپ دەرەخت ئەردىكى، ھەزرەتى مۇسا ئەلەيھىسسەلامنىڭ مۇئجىزەلەرى ئەردى. پەيغەمبەرنىڭ دۇئالارىنىڭ بەرەكاتىدىن ھەر نىمەگە راست ھۆكم ئول دەرەختدىن ئاۋاز بېرۇر ئەردىلەر. بۇلارنى ئول دەرەخت تۈبىگە ئالىپ بارغاندا، دەرەختدىن «قەۋۋلەھۇ تەئەلا ئىلا ئەسلەھۇ»[51] دەپ ئاۋاز كەلدى. ھەر نەرسە ئۆز ئەسلىگە يانار دېگەنگە مۇۋاپىق، يىغاچ ئۆز ئەسلىگە يانىپ دەرەخت تەرەفىگە يۈگۈردى. دەرەخت يارىلىپ سۈرەت يارۇقىغا كىرىپ ناپەيدا بولدىلار. ياقۇت، ھۈنچە، زىرىھ زەرگەرگە يانىدى. كۆڭلەك بىلەن چاپپان سەيفۇڭغا يانىدى. قالغانلارى نەۋمىد بولۇپ ياندىلار، زاھىد پادشاھنىڭ خىزمەتىدە قالدىلار.


سفرنينک بياني
سفر انسانغه بعضي وقت لازم بولادور مر شهرده اوروغ
قاياشلاري بولسه باراماق لازم بولسه سفر هم ضرور بولادور سفرداكي خلق
تولاراق سفر قيلادور مر آدم مر شهردين بينه مر شهركه [illegible] مر اقليمدين
بينه مر اقليمغه سفر قيلماق لازم بولسه پياده آدوغه بلدين باشقه
يتكودوك اوزوق اوبداق اوسته باش لازم بولادور اطليق بولسه
قوارغه يتكودوك بوغوز اوزوق يولغه لازم بولادورغان چنه چوكونه
اطغه كرك بولادورغان آمبوي بولقه تاقا ميخ لازم بولادور

كونلاردە بىر كون بىر زاهد بىر يغاچنى بىر زرگر بىر سيفونك تورت كشى

سفر قيليب بىر نچه كون يول يوروب بىر وحشتليك بياباننغه كلديلار

بولارنينك كوزلارى اويقوسزليقدين لغيرلاشيب ايردى اويقولايلى ديسه

كيچەدە وحشى حيوانلاردين قورقوب وحشت قيلور ايديلار آخر شونداغ

مصلحت قيلديلاركه كيچەنى تورت حصه قيليب هر حصەدە بىر كشى

اويقولماى خبردار بولغالى تعين قيليب آولقى حصەدە يغاچى اولتوروب

خبر الور ايردى قالغان اوچولان اويقولار ايردى يغاچىنى اويقو غلبه

قيليب موركوديب يقيلغالى از قالدى درحال قوليغه كوكى اليب

بعمل بولماق اوچون آچ يغاچيدين اون تورت ياشار بىر قيز بلانينك

صورتينى چاپيب طيار بولغاندا سيفونكنى اويغاتيب قوپوب اويقوغه

ميله قيلديلار اما سيفونك بيدار ايردى وحشت دين هر طرفكه قارلار

ايردى ناگاه نظرى بىر قيز بلانينك اوره تورغانينى كوروب [illegible] قورقوب

اوره توروب قارالغاندا يغاچيدين اتكان صورتليكى معلوم بولوب

دوستينينك هنرينى آشكارا قيلغانىنى بيلدى درحال من هم بىر

هنر اشكارا قيلاى ديب اسباب صندوقىنى اچيب تولا عجائيب بىر

٥٣١. ١٤٢ ٥

كونكلاك و زينتەليك بىر چقان تيكيب كيدوروب قويوب زرگرنى

اويغاتيب اويقوغه ميله قيلدىلار زرگر عاقيل بىر آدم ايردى دوستلارينينك

هنوزی نی کوبکانده اسباب‌لاری نی الیب اوت‌نینک الیدا اولتوروب
کمشه‌سیدین ایکی دانه یاقوت چیقاریب صورت که کوز قویدیکی بو بابجه
التون چیقاریب بخشی تقوب بیله بو جوب غره ایتیب قوللیقغه
سلیب حونهه دین تیش اغزیغه تینیب قویوب زاهیدنی اویغاتیب
اویقوغه میله قیلدیلار زاهید هرگیز خدادین غافیل ایماس ایردی
تیز بولوب دعا قیلیب تورغانده نظر بوده تولا جیرایلیق بر قیز بلانینک تورغانی نی
کوروب قایللاغانده همسفرلاری نینک هنزلاری نی توتوب عبادت دین کلین
تعل کوتاریب شوغوراغ دعا قیلدی که ای کریم لیک پادشاه هنی همراهلاریم
نینک الیدا بو هنزیر دورمن منینک هنزیم سنینک اولوغ ارادینک نی
و خوشنودلیقینک نی ایستاب سنکا اطاعت قیلماقی تورور بو کون
بولارنینک الیدا میسکین خزمت کارینک دین هم بر هنر اشکارا قیلیب
بو صورت که جان حاجا قیلغای سن دیب طلب قیلیب دعا
قیلدی دعالاری درگاهی حق ده ایجابت بولوب صورت تیریلیب
زاهیدغه سلام قیلیب گپ لاشکانده تانگ یاروب ایردی او جوللان اویقو
دین اویغانیب زاهید بیله قیزنینک گپ لاشیب تورغانی نی کوزدیلار
بو قیز نهایتی خوش روی ایردی بولار بولغه طیار بولغانده یغاچچی
ضد قویوب بو قیز البته منی بیله همراه بولوب بارور منینک نصیبیم
بیله بولدی دیب حسد قیلدیلار اول وقت سیغونک آغاز قیلیب اتی
بو قیز منینک کیمی بولور تابجه خزمت بیله زینت بیرگان دورمن دیدی نیرگو اوللوک

آواز بوله توولاب سیوزنک نینک گوزینغه مو موش اوروب ایتتی بیزنینک
غربتینک مننینک غریتیم نینک یوزدین بیرکا مواو کیلام دور البته بو قیز مننینک کمی
بولور دیب جال قیلیب قویتی لار بولار مونداغ ماجیرانی قیلغانذا زاهید
ارالغه توشوب ایتتی ای احمق لار من دعا قیلماسام کیم نینک حدی
بولور ایردی که بو قیزنینک صورتی نی کوتاریب الیب کاتکالی تاشلاب
کیتار ایردینک لار خدا کیم غه بوموسه شونینک کی بولور دیب نصیحت
قیلیب تورغانذا بو سیبرچی کشی اط بوله کلیب بولارنینک اغزیدین
جیققان سوزلارنی الکلاب توروب ای اوغری لار بو مننینک سینکلیم
ایردی یوتوروب ایردیم سیزلار اوغورلاب بو جنکل غه کلتوروب دور سیزلار
حاضر الیب کیتارمن دیب زورلوق قیلیب تورغانذا بادشاه نینک یاسوولی
بو یول بوله بو خزمت که بارور ایردی یتیب کلیب بو جدل نی باشدین
ایاغقه چه الکلاب بو بش دعواگیرنی الدیغه سالیب بادشاه نینک حوزو
ریغه الیب باردیلار بادشاه بو قیزنی کوروب تولا خوش بولوب دعواگیرلار که
انعام بیروب اوزوم الورمن دیب بویورغانیدا جوغلاشقان جمهوریت لار
حقیقت قیلیب الخیل دیب تووالاشتی لار بادشاه لنزاغ بولسه شیحرت
الحکیم غه ایلتینک لار دیب بویوردی اول بو توب درخت ایری که
حضرت موسی علیه السلام نینک معجز لاری ایردی پیغمبرنینک دعا
[illegible] آواز


لاری نینک هوکاتیدین هر نیمه که راست حکوم اول درخت دین آواز
معور اولدیلار بولارنی اول درخت توبی که الیب بارغانزا درخت دین
قوله تعالی الذی اصله دیب آواز کلدی هر نرسه اوز اصلی که بارورنکلا
موافق یغاچ اوز اصلی که یانیب درخت طوفیکا یوکوردی درخت یاریلیب
صورت یاروق نمدکیدیب تاپیدا بولدیلار یاقوت هونبه ذره زرگره یانوی
کونکلک بیللن چاپان سیغونکنغه یانوی قالغانلار نیمه بولیب یانوبلار
زاهیدو بادشاهنینک نغمتیدا قالدیلار

## هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يەشمىسى
## ئاياللارنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرى

خېمىر ئېتىپ نان ياقىدۇ. يەنە خېمىرنى يېيىپ كېسىپ ئۇگرە ۋە باشقا ھەر خىل غىزالار ئاياللارنىڭ قولىدىن چىقىدۇ. كىيىملەرنىمۇ ئۆي ئىچىدە ئاياللار قىلىدۇ. بىراق، بايلارنىڭ خوتۇنلىرى تىككۈچىگە بېرىپ تىكتۈرۈپ كىيىدۇ. ئاۋاملار ئارىسىدا ئۆيىدە ئۆزلىرى قىلىدىغانلىرىمۇ بار. ئاياللار ئۆي سۈپۈرىدۇ، كىر يۇيىدۇ، باش باقىدۇ ۋە باش تېرىدۇ، ئوسما قويىدۇ، ئۇپا ـ ئەڭلىك سۈرتىدۇ. مانا بۇلار ئاياللارنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىدۇر؛ ئەمدى ھۈنەرۋەنلەردىن: دوپپا تىكىدۇ، ياغلىق، رومالالارغا يىڭنە بىلەن گۈل كەلتۈرۈپ تىكىدۇ. بەزى ھۈنەرۋەن ئاياللار چاپان، كۆڭلەك تىكىدۇ. چاق ئېگىرىپ يىپ قىلىپ ساتىدۇ. سەھرا ئاياللىرى دېھقانچىلىققا ياردەملىشىدۇ. زىرائەت تېرىغاندىن كېيىن، بارلىق زىرائەتنى ئوت ـ چۆپلەردىن خەۋەر ئېلىپ ئوتاپ، كالا سېغىپ ھەممە چاق ئېگىرىپ، پۈتۈن كىيىملەرنى ئۆز ئۆيىدىن چىقىرىدۇ. تاماق ئېتىش، نان يېقىش، كىر يۇيۇش، كىيىم ـ كېچەك تىكىش، زىرائەت ئوتاش، چاق ئېگىرىش، قوناق سويۇش، ئۇگۇت ئېتىش دېگەندەك ئىشلار (نى قىلىدۇ. يەنە) قاشلىق ئېتىش، ئوسما قويۇش، ئۇپا ـ ئەڭلىك سۈرتۈش، چاچ سېلىش، باش بېقىش، ئۆزىگە زىننەت قىلىپ پەرداز قىلىش، ئۇلاغ بېقىش، ئورۇن سېلىش، ئورۇن يىغىش، سۈپۈرۈش، سۇپرا، تاختا، نوغۇچ، قاپاقتا سۇ ئەكېلىش قاتارلىق بىرقاتار سەھرا ئاياللىرىنىڭ ئىشلار ئىشىدۇر. بەزى ئاياللارنىڭ ئارىسىدا بۇغداي باشىقى تېرىپ بېرىپ، شۇنىڭدىن كۈن ئۆتكۈزىدىغانلىرىمۇ بار.

## ئۇخلىماقنىڭ بايانى

ئادەم ئۇخلىغاندا ھەممە نەرسىدىن بىخەۋەر بولىدۇ، بۇنى قاتتىق ئۇيقۇ دەيدۇ. قاتتىق ئۇيقۇنىڭ

سەۋەبى شۇنداق بولىدۇكى، ئاچ قورساققا جىق غىزا يەپ ئۇخلىغان ھالەتتە مەيدىنىڭ ئوتى ئۆرلەپ ھەزىم قۇۋۋىتى قايىنىغاندا ھېچنېمىنى تۇيماي ئۇخلايدۇ. بەلكى ھەر خىل چۈشلەرنى كۆرۈپ چۈشىدە قورقۇپ «مېنى قارا باستى» دەپ ئېيتىدۇ. بەزى كىشىلەر خورەك تارتىپ ئۇخلىسا «قالتىس يېتىپ قاپتىمەن» دەپ ئېيتىدۇ. بەزىلەر چۆچۈپ ئويغىنىدۇ. مانا بۇ غىزانىڭ ھەزىم بولمىغانلىقىدىندۇر. خەلق ئارىسىدا رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ھەربىر ئادەمگە ئاللاتائالا ئىككى روھ بېرىپتۇ. بىرى، مۇقىم روھ ۋە يەنە بىرى، راۋان روھتۇر. مۇقىم روھ ئادەم بەدىنىدە ئۇخلىغاندىمۇ بىللە بولىدۇ. ئەمما، راۋان روھ ئادەم ئۇخلىغاندا بەدەندىن چىقىپ ھەر تەرەپكە سەيلە ـ تاماشا قىلغىلى كەتكەنلىكى ئۈچۈن، كىشىگە بولىدىغان ياخشى ـ يامانىنى كۆرىدۇ. ئۇخلىغان كىشىگە ئۇيقۇدا مەلۇم بولىدۇ، بەس. ئۇنداق كىشى قوپقاندا مۇنداق چۈش كۆرۈپتىمەن، ئۇنداق چۈش كۆرۈپتىمەن دەپ ئېيتىدۇ. يەنە بەزى كىشىلەرنىڭ ئۇيقۇسى سەگەك بولىدۇ. يېنىك ئۇيقۇ سەللا بىر شەپە بولسا ئۇنى تۇيىدۇ. سىرتىدىن شۇنى كۆرگىلى بولىدۇكى، ئۇلار يېگەندە قورسىقى ئېچىپ، ئىشتىھاسى كەلگەندە يەيدۇ، يېگەندە يېگۈسى بار بولسىمۇ، غىزادىن قول يىغىدۇ. مۇنداق كىشىلەر ھەمىشە ساق ـ سالامەت تۇرىدۇ. قاتتىق ئۇيقۇدا ئۇخلىمايدۇ. ئۇنداق كىشىلەر چۈش كۆرسە تەبىرى ئۇچۇق، كۆرگەن چۈشى ئەمەلىيەتكە ئايلىنىدۇ. يەنە ئاچ قورساق يېتىپ ئۇخلىغانلار دەسلەپتە ئۇيقۇسى كەلمەيدۇ، قاچانكى ئويغانغۇسى كەلسە چۆچۈپ ئويغىنىدۇ. ئاچ قورساق ئۇخلىغاندا ھەزىم قۇۋۋىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ. بەزى ئادەملەر ئۇخلىغاندا بوغۇلۇپ قالىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى ھەزىم قۇۋۋىتى ئاجىز بولغاچقا، غىزانىڭ پۇرىقى دىماق تەرەپكە ئۆرلەپ بوغۇلۇپ قالىدۇ، سەۋەبى شۇدۇر.

ئۇخلىغىلى ياتقاندا بايلار سىم كارىۋات ئۈستىگە يۇمشاق كۆرپە سېلىپ، بېشىغا پەيدىن تەكىيە قويۇپ، ياستۇق ئۈستىگە پەردە يېپىپ ياتىدۇ. ئىقتىسادى ئوتتۇراھال كىشىلەر چىگە كارىۋات ۋەياكى كات، ۋەياكى كاتساندۇق ئۈستىگە كىگىز سېلىپ، بېشىغا توزغاق سالغان تەكىيە قويۇپ، كۆرپە سېلىپ، يوتقان يېپىنىپ ياتىدۇ. كەمبەغەل بىچارىلەر يەرنىڭ ئۈستىدە كونا ـ يېڭى كىگىز تاپسا سېلىپ، بېشىغا سامان تىققان تەكىيە قويۇپ، كونا ـ يېڭى يوتقان بولسا يېپىنىپ، بولمىسا داق يەردە ئۈچىسىدىكى كىيىملەر بىلەنلا ياتىدۇ. ئۇلارنىڭ ياشلىرى بېشىغا خىش ۋە ياغاچ ۋەياكى ھېچنېمە قويماي داق يەردە ياتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇششاق باللىرى قۇملۇق، يۇمشاق يەرلەردە تەكىيەگە بىر نېمە سالماي ياتىدۇ. قىش بولسا تەكىيەگە شال پاخلى يا زىغىر پاخلى ۋەياكى يېكەن سېلىپ ياتىدۇ. بۇلار ئۆيىگە مەش ۋەياكى سەندەل، ۋەياكى كاڭ قىلىشقا كۈچى يەتمىگەنلەردۇر.

## كىر يۇيۇشنىڭ بايانى

كىر يۇغاندا پاختىسىز كىيىمنى يۇيىدۇ. كىر يۇيۇشقا ئىشلىتىدىغان لازىملىق ئەسۋابلار بولسا تەشتەك ياكى تەڭنە (داس)، كىر يايىدىغان تاناپ، بىر قازان، نوگاي، سوپۇن، سۇ قاتارلىقلاردۇر. قىش كۈنلىرى بولسا سۇنى ئىسسىتىپ يۇيىدۇ. بۇ ئالتەشەھەردە كىرنى خوتۇن كىشىلەر يۇيىدۇ. باشقا شەھەرلەردە ئەر كىشى يۇيىدۇ. تەشتەك دەپ كىر قاچىسىنى ئېيتىدۇ. ئۇنى ساپالدىن تەييار قىلىدۇ. تەڭنىمۇ ياغاچتىن ياسالغان كىر قاچىسىدۇر. كىر يېيىشقا ئىشلىتىدىغىنى تاناب ياكى تانا ئارغامچا ياكى شوينىدۇر. سۇ قۇيۇش ئۈچۈن قارا قازان ياكى مىس قازان، ياكى باشقا ئەسۋاب، سۇ ئۇسقىلى نوگاي، يەنى قاپاق ياكى چۆمۈچ ئىشلىتىدۇ. كىرچى دەزمال ئىشلەتمەيدۇ. لېكىن، كىر سۇيىگە سوزۇك سۇ ئىشلىتىدۇ. كىرنى يۇيۇپ بولۇپ تانىلارغا يېيىپ قۇرۇتۇپ قاتلاپ بېرىدۇ.

## سەپەرنىڭ بايانى

ئىنسانغا بەزىدە سەپەر لازىم بولىدۇ. بىر شەھەردە ئوزۇق - تۈلۈكلەر تۆگەپ قالسا، سەپەرمۇ زۆرۈر بولۇپ قالىدۇ. سودىگەرلەر كۆپرەك سەپەر قىلىدۇ. بىر ئادەم بىر شەھەردىن يەنە بىر شەھەرگە، بىر ئىقلىمدىن يەنە بىر ئىقلىمغا سەپەر قىلماقچى بولسا، پىيادە ئادەمگە يولدىن باشقا يەتكۇدەك ئوزۇق - تۈلۈك، ياخشى كىيىم - كېچەك لازىم بولىدۇ. ئاتلىق بولسا مەنزىلگە يەتكۇدەك بوغۇز، ئوزۇق، يولغا كېرەكلىك چىنە - چۆگۈن، ئاتقا كېرەكلىك ئابۇر، بولقا، تاقا، مىخ لازىم بولىدۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر زاھىد، بىر ياغاچچى، بىر زەرگەر، بىر تىككۈچىدىن تەركىب تاپقان تۆت كىشى سەپەر قىلىپ بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپ بىر قورقۇنچلۇق باياۋانغا كەلدى. بۇلارنىڭ كۆزلىرى ئۇيقۇسىزلىقتىن ئېغىرلاشتى. ئۇخلايلى دېسە، كېچىدە ۋەھشىي هايۋانلاردىن قورقۇپ ۋەھىمە هېس قىلىشتى. ئاخىر شۇنداق مەسلىھەت قىلدىلەركى، كېچىنى تۆتكە بۆلۈپ هەر بۆلىكىدە بىر كىشىنى ئۇخلىماي خەۋەر ئالغىلى تەيىنلىدى. دەسلەپكى بۆلەكتە ياغاچچى ئولتۇرۇپ خەۋەر ئالىدىغان، قالغان ئۈچەيلەن ئۇخلايدىغان بولدى. ئۇيقۇ ياغاچچىنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىپ مۈگدەپ يىقىلغىلى تاس قالدى. ياغاچچى دەرھال قولىغا كەركە ئېلىپ بىر ئىش قىلىش ئۈچۈن ئارچا ياغىچىدىن ئون تۆت ياشلىق بىر قىز بالىنىڭ سۈرىتىنى يونۇپ، تەييار بولغاندا تىككۈچىنى ئويغىتىپ قويۇپ ئۇيقۇغا راۋان بولدى. ئەمما، تىككۈچى ئويغاق ئولتۇرۇپ، قورققىنىدىن هەر تەرەپكە قارىدى. ئۇ تۇيۇقسىز كۆز ئالدىدا بىر قىز بالىنىڭ ئۆرە تۇرغىنىنى كۆرۈپ، قاتتىق قورقۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ قاراپ، ياغاچتىن ياسالغانلىقى مەلۇم بولۇپ، دوستىنىڭ هۈنىرىنى ئاشكارا قىلغىنىنى بىلدى. «مەنمۇ دەرھال بىر هۈنەر ئاشكارا قىلاي» دەپ ئەسۋاب ساندۇقىنى ئېچىپ، ئاجايىپ بىر كۆڭلەك ۋە زىننەتلىك بىر چاپان تىكىپ كىيدۈرۈپ قويۇپ، زەرگەرنى ئويغىتىپ ئۇيقۇغا كەتتى. زەرگەر ئەقىللىك بىر ئادەم ئىدى. ئۇ دوستلىرىنىڭ هۈنىرىنى كۆرگەندە، ئەسۋابلارنى ئېلىپ ئوتنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، خالتىسىدىن ئىككىنى دانە ياقۇت چىقىرىپ سۈرەتكە كۆز قويدى. بىر پارچە ئالتۇن چىقىرىپ تەرتىپ بىلەن بىر جۈپ زىرە ئېتىپ قۇلىقىغا سېلىپ، ئېغىزىغا ئۈنچىدىن چىش قويۇپ، زاھىدنى ئويغىتىپ، ئۇيقۇغا كەتتى. زاھىد ھەرگىز خۇدادىن بىخەۋەر ئەمەس ئىدى. يۇكۇنۇپ دۇئا قىلىپ تۇرغاندا، كۆز ئالدىدا ئىنتايىن چىرايلىق بىر قىز بالىنىڭ تۇرغىنىنى كۆرۈپ، سەپەرداشلىرىنىڭ هۈنەرلىرىنى تونۇپ، ئىبادەتتىن كېيىن قول كۆتۈرۈپ شۇنداق دۇئا قىلدىكى، «ئەي كەرەملىك پادشاھ، مەن هەمراھلىرىمنىڭ ئالدىدا هۈنەرسىزدۇرمەن. مېنىڭ هۈنىرىم سېنىڭ ئۇلۇغ ئىرادەڭنى ۋە مىننەتدارلىقىڭنى ئىزدەپ ساڭا ئىتائەت قىلىشتۇر. بۈگۈن بۇلارنىڭ ئالدىدا مىسكىن خىزمەتكارىڭدىنمۇ بىر هۈنەر ئاشكارا قىلىپ، بۇ سۈرەتكە جان ئاتا قىلغايسەن» دەپ تەلەپ قىلىپ دۇئا قىلدى. دۇئالىرى هەق دەرگاھىدا ئىجابەت بولۇپ، سۈرەت تىرىلىپ زاھىدقا سالام قىلىپ گەپلەشكەندە تاڭ يورۇدى. ئۈچەيلەن ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ زاھىد بىلەن قىزنىڭ گەپلىشىپ تۇرغىنىنى كۆردى. بۇ قىز ناهايىتى چىرايلىق ئىدى. بۇلار يولغا تەييار بولغاندا، ياغاچچى جېدەلگە تەييارلىنىپ، «بۇ قىز ئەلۋەتتە مەن بىلەن هەمراھ بولۇپ ماڭىدۇ، مېنىڭ سەۋەبىم بىلەن بولدى» دەپ ھەسەت قىلدى. بۇ ۋاقىتتا تىككۈچى ئېغىز ئېچىپ ئېيتتى: «بۇ قىز مېنىڭكى، نۇرغۇن ئىش بىلەن ئۇنىڭغا زىننەت بەردىم» دېدى. زەرگەر ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن تۇۋلاپ، تىككۈچىنىڭ گەدىنىگە بىر مۇشت ئۇرۇپ ئېيتتى: «سېنىڭ خىزمىتىڭ مېنىڭ خىزمىتىمنىڭ يۈزدىن بىرىگە باراۋەر كېلەمدۇ؟! ئەلۋەتتە، بۇ قىز مېنىڭكى بولىدۇ» دەپ جېدەل قىلىپ قوپتى. بۇلار مۇشۇنداق ماجىرا قىلىشىپ

تۇرغاندا، زاھىد ئارىغا چۈشۈپ ئېيتتى: «ھەي ئەخمەقلەر، مەن دۇئا قىلمىسام بۇ قىزنىڭ سۈرىتىنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ كەتكىلى كىمنىڭ ھەددى بولاتتى، كېتەتتىڭلار. خۇدا كىمگە بۇيرۇسا، شۇنىڭكى بولىدۇ» دەپ نەسىھەت قىلىپ تۇرغاندا، بىر سەيلە قىلغۇچى كىشى ئات بىلەن كېلىپ، بۇلارنىڭ ئاغزىدىن چىققان سۆزلەرنى ئاڭلاپ، «ئەي ئوغرىلار، بۇ مېنىڭ سىڭلىمدۇر، يىتتۈرۈۋەتكەنىدىم. سىلەر ئوغرىلاپ بۇ جاڭگالغا ئەكەپسىلەر. ھازىر بۇنى ئېلىپ كېتىمەن» دەپ زورلۇق قىلىپ تۇرغاندا، پادىشاھنىڭ ياساۋۇلى بۇ يولنى بويلاپ بىر خىزمەتكە مېڭىۋاتقانىدى، يېتىپ كېلىپ بۇ جېدەلنى بېشىدىن ـ ئاياغقىچە ئاڭلاپ، بۇ بەش دەۋاگەرنى ئالدىغا سېلىپ پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ باردى. پادىشاھ بۇ قىزنى كۆرۈپ قاتتىق خۇش بولۇپ دەۋاگەرلەرگە ئىنئام بېرىپ، «ئۆزۈم ئالىمەن» دەپ بۇيرۇغاندا، جۇغلاشقان ئەل ـ جامائەتلەر: «ھەقىقەتنى ئايرىپ، ئالغىن» دەپ تۇۋلاشتى. پادىشاھ: «ئۇنداق بولسا ھۆكۈم چىقارغۇچى دەرەخنىڭ قېشىغا ئاپىرىڭلار» دەپ بۇيرۇدى. ئۇ بىر تۈپ دەرەخ بولۇپ، ھەزرىتى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرىدىن ئىدى. پەيغەمبەرنىڭ دۇئالىرىنىڭ بەرىكىتىدىن ھەرقانداق نەرسىگە راست ھۆكۈم مۇشۇ دەرەختىن ئاڭلىناتتى. بۇلارنى ئاشۇ دەرەخ تۈۋىگە ئېلىپ بارغاندا، دەرەختىن «قەۋلەھۇ تەئەلا ئىلاھ ئەسلەھۇ» (ئاللا ئېيتىدۇكى: «ئەسلىگە قايتسۇن») دەپ ئاۋاز كەلدى. «ھەممە نەرسە ئۆز ئەسلىگە يانىدۇ» دېگەندەك، ياغاچ ئۆز ئەسلىگە يېنىپ دەرەخ تەرەپكە يۈگۈردى. دەرەخ يېرىلىپ سۈرەت يورۇقتا كىرىپ كۆزدىن غايىب بولدى. ياقۇت، ئۈنچە، زىرە، زەرگەرگە ياندى. كۆڭلەك بىلەن چاپان تىككۈچىگە ياندى. قالغانلىرى نائۈمىد بولۇپ ياندى، زاھىد پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە قالدى.

ئىزاھلار:

① مەگەر ــ ئەمما، بىراق. ② ئەغنىيا ــ باي. ③ سەيفۇڭ ــ تىككۈچى، ماشىنىچى. ئاملار ــ ئاۋاملار، خەلقلەر. ④ ئام ــ ئاۋام، خەلق. ⑤ باش باقماق ــ چاچتىكى پىت، سىركىلەرنى تېپىپ ئۆلتۈرۈش. ⑥ باش تارىماق ــ چاچ تاراش. ⑦ چەرخ ئېگىرمەك ــ چاق ئېگىرىش، يىپ ئېگىرىش. ⑧ يارى بەرمەك ــ ياردەم بەرمەك. ⑨ ئوران سالماق ــ ئورۇن ـ كۆرپە سالماق، يوتقان ـ كۆرپە سالماق. ⑩ سوفرە ــ سۇپرا. ⑪ باش ئوياش ــ بوغداي ئورۇش ياكى بوغداي باشاقلىرىنى تېرىش. ⑫ ئويقولىماق ــ ئۇخلىماق. ⑬ مەئىدە ــ مەيدە. ⑭ ئوتى ئۆرلەش ــ ئۆتى ئۆلەرش، مەيدىسى ئېچىشىش. ⑮ ھەر تەرىقە ــ ھەر خىل. ⑯ تۇش ــ چۈش. ⑰ چۆرچۈپ ــ چۆچۈپ. ⑱ روھى مۇقىم ــ مۇقىم روھ. ⑲ روھى رەۋان ــ يۈتكىلىشچان روھ ياكى راۋان روھ. ⑳ سەھل ــ سەل، ئازراق. ㉑ شەرفە ــ شەپە. ㉒ زاھىرەن ــ تاشقى كۆرۈنۈشتىن، سىرتتىن. ㉓ ۋۇقۇئ ــ بارلىققا كەلمەك، يۈز بەرمەك. ㉔ قۇۋۋەتى ھازىمە ــ ھەزىم قۇۋۋىتى. ㉕ زەئىف ــ زەئىپ، ئاجىز ㉖ بۇخارەت ــ بۇس، ئىس، گاز. ㉗ سۇئۇد قىلىپ ــ كۆتۈرۈلۈپ، ئۆرلەپ. ㉘ چەھارپايە ــ 1) كارىۋات، كات، 2) ئورۇندۇق. ㉙ پەرقۇ تەكىيە ــ پەي ياستۇق. ㉚ كىيە ــ كىر. ㉛ يۇرۇر ــ «يۇماق» سۆزىنىڭ بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشى. ㉜ تاڭلا ــ تەڭنە، داس. ㉝ سابۇن ــ سوپۇن. ㉞ ئورۇق قاياش ــ ئورۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەر. ㉟ ئۇستىباش ــ ئۇستىباش. ㊱ ۋەھشەت ــ قورقۇش، ۋەھىمىگە چۈشۈش. ㊲ پەئەل بولماق ــ بۇ سۆز مەتىندە خاتا يېزىلغان، ئەسلى « پەيئەمەل» بولۇشى كېرەك، مۇنداق بولغاندا «بىر ئىش قىلماق، بىر ئىشنى جۈندىمەك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ㊳ ئاچ يىغاچى ــ ئارچا، ئارتۇچ ياغىچى. ㊴ بىدار ــ ئويغاق. ㊵ قايلار ئەردى ــ قارايتتى. ㊶ ناگاھ ــ تۇيۇقسىز، تاسادىپىي. ㊷ كىسسە ــ خالتا، خۇرجۇن. ㊸ زىرىھ ــ زىرە. ㊹ ھۇنچەدىن ــ ئۈنچەدىن. ㊺ تىش ــ چىش. ㊻ ئىرادە ــ ئىرادە، ئارزۇ، ئىستەك. ㊼ خۇشنۇد ــ رازى، مىننەتدار. ㊽ زىددە قوپۇپ ــ قارشى قوپۇپ، ئورۇشقا ھازىر بولۇپ، جېدەلگە تەييارلىنىپ. ㊾ شەجەرەتۇل ــ ھەكىم ــ ھۆكۈم قىلغۇچى ㊿ ئىلتىڭلار ــ ئاپىرىڭلار. (51) قەۋلەھۇ تەئەلا ئىلاھ ئەسلەھۇ ــ ئاللا ئېيتىدۇكى: «ئەسلىگە قايتسۇن».

(نەشرگە تەييارلىغۇچى: جۇڭگو ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىدە)

هۈسەيىنخان تەجەللىي

# شېئىرلار

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقادىر سادىر

## تەجەللىي خاتىرىسى تەزكىرىلەردە

شائىر، ئۇيغۇر تېبابىتى ئالىمى ۋە مەدەنىيەت - مائارىپچىسى سەئىد هۈسەيىنخان ئەكبەر (تەجەللىي) نىڭ نام - شۆھرىتى پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىياغا مەشھۇردۇر. خۇسۇسەن ئۇنىڭ تۈركىي، ئەرەبىي، فارسىي تىللىرىدا يېزىلىپ قالدۇرۇپ كەتكەن ئېستېتىك زوق، بەدىئىي، پەلسەپىۋى مەزمۇنلارغا تويۇنغان چوڭقۇر مەنىلىك نادىر شېئىر، قەسىدە، رۇبائىيلىرى پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيادا كەڭ شۆھرەت تاپقان بولۇپ، ئەرەب تىلىدىكى «بەرقى يەجەللىي - سەبەقە مۇجەللىي» ناملىق توپلىمىدىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان ئەسەرلىرى ھەر خىل تاش باسما نۇسخىدىكى «باياز» ۋە مەجمۇئەلەرگە كىرگۈزۈلگەن. شېئىرلىرى زوق - شوق بىلەن ئوقۇلغان. بىر تۈركۈم يۇقىرى - يۇقىرى ئابرۇيلۇق شائىر - ئەللامىلەرنىڭ تەخمىس ۋە مۇشائىرە باغلاشلىرىغا نائىل بولغان. نامى، شۆھرىتى خېلىلا ئىناۋەتلىك تەزكىرىلەرگە كىرگۈزۈلگەن.

يېقىندا مەن شۇنداق تەزكىرىلەردىن بىرىنى كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولۇپ قالدىم. تارىخ - تەزكىرىچىسى ئەللامە پولاتجان داموللا قەييۇمىي يازغان 3 جىلدلىق «تەزكىرەئى قەييۇمىي» ناملىق كىتابلار ئىدى. مانا شۇ تەزكىرىنى كۆرۈۋېتىپ، ئويلىمىغان يەردىن ئۇيغۇر كىلاسسىكلىرىمىزدىن تەجەللىي، ئەرشىي، غەرىبىي (قايسى غەرىبىيلىكىنى تېخى دەلىللىمىدىم)، زەلىلىي، خىسلەتىي قاتارلىقلارنىڭمۇ ئورۇن ئالغانلىقىنى، بىز تېخى كۆرۈپ باقمىغان بىرنەچچە پارچىدىن شېئىرلىرىنىمۇ بايقىدىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە شىنجاڭدا ياشاپ ئىجاد ئەتكەن فۇرقەت قاتارلىق بىرنەچچە ئۆزبېك شائىرلىرىنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلىرى بىلەنمۇ تونۇشتۇم.

«تەزكىرەئى قەييۇمىي»دا جۇغراپىيەلىك ئورۇن چەكلەنمىگەن. ئومۇمىي تۈركىي ئەدەبىياتىنىڭ ئۇلۇغ نامايەندىلىرى بولغان مەھمۇد كاشغەرىي، يۈسۈف خاس هاجىپ، نەۋائىي، ئەھمەد يۈكنەكىيدىن تارتىپ 20 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان 324 نەپەر تۈركىي تىللىق شائىرنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى، شائىرلار ئارا ئالاقە مۇناسىۋەتلىرى، شۇ ئەدىبكە ئالاقىدار مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەر ۋە ئەسەرلىرىدىن نەمۇنىلەر كۆرسىتىلگەنىدى. مەن بۇلارنى ئالاھىدە خاتىرىلەپ قويدۇم ۋە كەڭ ئەدەبىيات ئاشنالىرى — شائىرلىرىمىزغىمۇ يەتكۈزۈپ قويۇش نىيىتىدە ئۇلارنى تونۇشتۇرۇش ئويى بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە هۈسەيىنخان تەجەللىي ھەزرەتلىرىنىڭ «تەزكىرەئى قەييۇمىي»نىڭ 1998 - يىلى تاشكەنت نەشرىدىكى تەرجىمىھالى بىلەن شۇ تەزكىرىگە كىرگۈزۈلگەن بىر

نەچچە غەزىلىنى ئوقۇرمەنلەر ھوزۇرىغا سۇندۇم.

«تەزكىرەئى قەييۇمىي»دا تەجەللىينىڭ تەزكىرىسى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىنغان:

«بۇ كىشى شىنجاڭنىڭ ياركەنت شەھىرىدە خوجا ئېرىق ناملىق يەردە تۇغۇلغان. ياركەنتتە ئوقۇپ ئۆسكەن ۋە شۇ يەردە مۇدەررىسلىك قىلغان ۋە شۆھرەت تاپقان. ئۇنىڭ ئىسمى نەبىرەئى ھۇسەينخان بولۇپ، ئاتىسى دېھلىدىن شىنجاڭغا كاشغەر خانى بولغان ياقۇپ بەگنىڭ زامانى سەلتەنەتى ۋاقتىدا كەلگەن ھەزرەتلەردىن ئىدى. ئاتىسىدىن كېيىن ئۆزى مۇلكىگە خوجا ۋە ۋارىس بولۇپ تۇرغان. ئۇنىڭ تەسەۋۋۇپ روھىدا بولسىمۇ، ئەمما بەدىئىي كۆچكە ئىگە راۋان شېئىرلىرى فەرغانە ۋادىسى فازىللىرى ئارىسىدا زوق بىلەن ئوقۇلاتتى. ئۇنىڭ قوقەند ھەزرەتلىرىگە مۇناسىپ ئالاقىلىرى بولۇپ، ئالاھىدە مەرتىۋىسى بار ئىدى. شائىر مۇقىمىي ۋە فۇرقەتنىڭ تەجەللىينىڭ غەزەللىرىگە ئېيتقان تۈركىي ۋە تاجىكىي مۇخەممەس ۋە مۇشائىرەلىرىمۇ بار ئىدى.

ئەدائىي ھەج قىلىش ئۈچۈن كەشمىر ئارقىلىق ھىجازغا بارغاندا فۇرقەت بىلەن كۆرۈشكەن. مۇساھەبەت ئېتىپ (ھەمسۆھبەت بولۇپ)، فۇرقەتنى بومباي، دېھلى ۋە كەشمىر ئارقىلىق ياركەنتكە ئېلىپ ئۆتۈپ كەتكەن. فۇرقەت ياركەنتتە تۇرغاندىن كېيىن تەجەللىينىڭ قوقەندىكى فازىللار ۋە شائىرلار بىلەن خەت ۋاستىسى ئارقىلىق قىلىدىغان ئالاقىسى قويۇقلاشقان. ئۇنىڭ مۇھىيىگە يازغان رۇبائىيسى مەشھۇر بولۇپ، مۇھىيمۇ ئۇنىڭغا جاۋاب يازغان.

قوقەند فازىللىرىدىن مەۋلەۋىينىڭ تەجەللىينى قوقەندكە تەكلىپ ئېتىپ يازغان رۇبائىيسىغا جاۋابەن تەجەللىينىڭ تۆۋەندىكى مەزمۇندا يازغان بىر رۇبائىيسى بار: «ئۇل ئۇنداق كاتتا گەۋجۇم شەھەرلەرگە مەن ئۆزۈم سىغقىنىم بىلەن، مېنى ھەر كۈنى ئاھۇ ۋاھ، نالە قىغانلىرىم سىغمايدۇر. بىزدەك مەجنۇنۋارلارغا خوتەن سەھراسىلا ئىمكان بېرىدۇر». فۇرقەت ۋاپات بولغاندا شائىر تەجەللىي ھايات ئىدى. ئۇنىڭ تەخمىنەن 1918 ـ يىلىدا ۋاپات بولغانلىقى سۆزلىنىدۇ. (تەييارلىغۇچىدىن ئىزاھ: تەزكىرىدىكى تەجەللىينىڭ ۋاپات يىلنامىسى تەخمىنەن ھېسابىدا بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ھەزرىتىم 1927 ـ يىلى رامىزاننىڭ 12 ـ كۈنى 79 يېشىدا قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ كاسكى دېگەن يېزىسىدا ئۆز ھويلىسىدا ۋاپات بولغان).

تۆۋەندىكى شېئىرلار مەۋلانا تەجەللىي ساھىبىنىڭ تەبئىي ئىقتىدارىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

1

رەھىم قىل جانىمغا جانىم زەخىم ئۈچۈن بول مەرھەمىم،
كىم كۆزۈمدىن ياش قۇرۇپ قالدى يۈرەك ھەم بىر تەمىم.
تاپسام ئەردى سوڭ مەيدىن شەربەتى يۇھيىل ـ ئىزام،
لەئلى جانبەخشىڭ ئەمەسكىم، ئەينى بولغاي ھەمدەمىم.
مەي كەبى سوزى دىلى ئەشكىم قىلۇر سەرمەست مېنى،
ئوتدا كۆيسۇن، سۇدا ئاقسۇن بارچە ئالەم يوق غەمىم.
تەلئەتى ساقى سۆزۈڭ مەي بىرلە دەۋلەت بەس ماڭا،
ئول ئېرۇر مىرئاتى ئىسكەندەر، بۇدۇر جامى جەمىم.
مۇرمەن، ئەمما سۇلايمان نەشئەسى باشىمە بار،

كىم يۈرەك داغى نىھان زىكرىڭدۇر ئىسمى ئەئزەمىم.
ئارەزۇڭ يادىدا ياش تۆكسەم مۈكەددەر بولمەكىم،
تاڭ ئەمەس ھۆسنۈڭ گۈلىگە تۆشسە دەرمان شەبنەمىم.
توز قوغلاپ، زۇلف باغلاپ ئۆلتۈرۈر كافىر كۆزۈڭ،
بۇزدىلار ئالەمنى، داد، ئەي پادشاھى ئالەمىم.
يەتتە دەۋزەخنى ئەيان كۆرسەتە ئىشقىڭ كۆڭلۈمە،
قورقماس ئول ھەفت جۇۋازىدىن بولالمايدۇر سەمىم.
ئىشق ئەترافىدە دىل سىررىغە تىل ۋاقىف ئەمەس،
خامە سىزمارى نىچۈك بولغاي تەجەللىي مەھرەمىم.

2

## مەۋلانا تەجەللىيدىن يەنە بىر غەزەل

كۆڭلۈم قەدىدىن ئافەتۇ ساچدىن شىكەن ئىستەر،
مەنسۇر بولۇپدۇرمۇكى دارۇ رەسەن ئىستەر.
كۆڭلۈم ئېتەر ئول ھەلقەئى گىسۇنى تەسەۋۋۇر،
دىۋانە جۇنۇن دەشتىدە بەيتۇل ھەزەن ئىستەر.
باغرىنى باسىپ تاشقا يۇتار قاننى مەندەك،
ھەركىم سەنەمى سەنگدىلى گۈلبەدەن ئىستەر.
ئىستەر ھەرەمى ئىشقنى مەجنۇن كەبي، مەھدىي،
بۇ ئەقل ئىلە گۇمراھ ئولانلار قاچان ئىستەر.
نوشىن لەبىغە جانۇ دىلىم مەيل قىلۇرلار،
شىرىننى بەلى خىلانلاررەۋ ئىلە كۇھكەن ئىستەر.
بۇ تەلبە كۆڭۈل تەۋبە بىلە باغلاسا پەيمان،
كۆرگەچ سېنى پەيمانەئى پەيمان شىكەن ئىستەر.
كۆڭلۈم يەنە مەستانە ئۇقۇر سۇرەئى يۇسۇف،
يەئنى سېنى، ئەي ساقىئى، گۇل پىرەھەن ئىستەر.
زىبا سەنەمۇ بادەئى گۇل رەڭسىز ئولماس،
ھەر كىمسەكىم لۇتفۇ كەرەم زۇلمەتەن ئىستەر.
مەستانە نەۋا بىرلە قوياي كەئبە سەرى يۈز،
كىم يولدا مېنى مۇغبەچەئى راھزەن ئىستەر.
مەھۋ ئولدى مىيانىڭدا خەيالىم بۇ سەبەبدىن،
دىققەت قىلىبان قىل كەبى نازۇك سۇخەن ئىستەر.
سوردىڭكى، نە ئىستەر سەرى كۇيىندا تەجەللىي،

مىننەت كۆزىغە، ئەي گۈلى رەئنا، تىكەن ئىستەر.

3

يەنە بىر غەزەل

تىغى ھىلالە ئۇخشار، ئەي دىل، ساڭا مۇبارەك،
ئىيدى شەھادەتىڭنى قىلسۇن خۇدا مۇبارەك.
سەن شەيخ زۇھدشىيۋە مەن رىندى ئىشق پىيشە،
كەۋسەر ساڭا مۇسەللەم، سەھبا ماڭا مۇبارەك.
مەيخانە ئەھلى بولغىل، مۇتلەق سەئادەت ئاندا،
كىم زۇھد مۇختەمىلدۇر، يا شەرمھا مۇبارەك.
گۈلگىنە قويمىش ئولما، سەن قانە پاتدىڭ، ئەي كۆز،
مۇجگانىڭ ئىلگى ئۇزرە رەنگى فەزا مۇبارەك.
ئالدىغا چىقتى ئول ماھ بولدى رەقىب ھايىنىل،
گۈيا خۇسۇفدۇر بۇ يۈزى قارا مۇبارەك.
بۇ رەنگ بىرلە چىقساڭ ئالەمغە ئوت ياقارسەن،
ئەي شوخ، سەرۋى قامەت گۈلگۈن قەبا مۇبارەك.
سەن شوخ مەست قاتىل، مەن ئاشىقى رىزاجۇي،
سەندىن جەفا مۇناسىب مەندىن ۋەفا مۇبارەك.
ئۇششاقە زۈلفى چەشمىڭ بولسا بەلايۇ فىتنە،
بول فىتنە ھەم ھۇمايۇن ھەم ئول بەلا مۇبارەك.
بۇ رەسمى نامۇبارەك تەئلىمى كىمدىن ئالدىڭ؟
مەندىن يۈزۈن ياشۇردىڭ، ئەي گۈل، ھەيا مۇبارەك.
سەرمايەئى خىرەدغە زۈلفىڭ جۇنۇنىنى ئالدىم،
يارەبكى، بولماسۇن بۇ سەۋدائى نامۇبارەك.
ساچىڭغا خوش ئاسىلمىش كۆڭلۈم بەلانى ئىستەر،
دامانىدە سۇنۇپتۇ دەستى گەدا مۇبارەك.
يۈز قويدى خانەقەھىن مەيخانەغە تەجەللىي،
جامۇ شەراب بىرلەن تەركى رىيا مۇبارەك.

4

بۇ غەزەلمۇ مەۋلانا تەجەللىيدىندۇر:

سەنسىز ئۇلسام باغ ئارا ئول باغ مىھنەت تاغىدۇر،
سەن بىلەن تاغ ئىچرە يۈرسەم تاغ جەننەت باغىدۇر.

ئەي نىھالى ھۆسن لۇتفىڭ سايەسىن باشىمغا سال،
كىم يۈزۈم ئىشقىڭ سەمۇمىدىن خەزان ياپراغىدۇر.
يۈز تۈمەن ئارمان زەمىنىكىم، مېنىڭ كۆڭلۈم ئېرۇر،
دەرد ئاڭا ساھىب تەسەررۇف غەم ئاڭا ئورتاغىدۇر.
گەر جەھانى ئىشق ئىچرە بولسا سۇبھ ياكى ئافتاب،
ئول مېنىڭ چاكى گىرىبانىم، بۇ كۆڭلۈم داغىدۇر.
دەۋلەتى ھۆسنۇ شەرابى ناز ئىلە خۇشۋەقت سەن،
ئىلتىفات ئەت بۇ گەداغاكىم سەخاۋەت چاغىدۇر.
ئىشقى ھۆسنىڭ بەزمىدە بىر شەمئى ياقمىشدۇركىم ئول،
رىشتەئى جانىم بىلەن بۇ ئىككى كۆزلەر ياغىدۇر.
ئىشق ئەفسۇنساز بىر ئەييار لۇئبەتباز ئېرۇر،
كىم مەلامەت سول قولى رەسۋالىغ ئانى ساغىدۇر.
غەمزە بىرلە باغلادى ئەل ئۇيقۇسىن ساھىر كۆزۈڭ،
بىخۇد ئەتكەن ھەم مېنى ئۇشبۇ ئانىڭ ئورپاغىدۇر
سەنسىز ئاچىلمىش تەجەللىي خاتىرىدىن ئۇقدەلەر،
كىم ھىلالى ئىيد ئانىڭ زەخمىنى غەم تىرناغىدۇر.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى: گۇما ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىن پېنسىيەگە چىققان)

# مەقتۇلنامە

قول يازمىنى ساقلىغۇچى: نۇرنسا مۇھەممەد
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇتەللىپ ئىسمايىل

مۇھەررىردىن: «مەقتۇلنامە» ناملىق بۇ داستاننىڭ قاچان، كىم تەرىپىدىن يېزىلغانلىقى ئېنىق ئەمەس. داستاننىڭ تىل ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا يېزىلغانلىقىنى تەخمىن قىلىشقا بولىدۇ. بۇ داستاننىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن بۇ قول يازمىسى ھىجرىيە 1380 ـ يىلى، مىلادىيەنىڭ 1963 ـ يىلى 5 ـ ئايدا بىرقانچە ئەسىر بىلەن بىللە بىر خاتىرە دەپتەرگە كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ قول يازمىنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىنىڭ پېنسىيونېرى نۇرنسا مۇھەممەد ساقلىغان. قول يازمىنىڭ فورماتى 18.2cm × 12.5cm

بۇ قول يازمىغا كىرگۈزۈلگەن «مەقتۇلنامە» ناملىق داستاننىڭ تولۇق ماۋزۇسى «مەقتۇلنامەئى ھەزرەئى ئىمام ھۈسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ». بۇ داستاندا 7 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا مۇسۇلمانلار ئارىسىدا باش كۆتۈرگەن ئىچكى بۆلۈنۈش، ھاكىمىيەت تالىشىش، تەپرىقىچىلىق، مەزھەپچىلىك ئۇرۇشلىرى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئىمام ھۈسەين دەل ئاشۇ ئىچكى ئۇرۇشتا ھاياتىدىن ئايرىلغان. داستاندا ئىمام ھۈسەيىننىڭ كەربالاغا بېرىشى ۋە ئۇ يەردە يەزىد تەرەپدارلىرى تەرىپىدىن قەتل قىلىنىش ئەھۋالى بايان قىلىنغان. بۇ ۋەقەنىڭ تارىخى ئارقا كۆرۈنۈشى مۇنداق:

مىلادىيە 666 ـ يىلى خەلىپە ئوسمان ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ھەزرىتى ئەلى خەلىپە دەپ ئېلان قىلىنغان. ئەمما ساھابىلەردىن تەلھە، زۇبەير، ھەزرىتى ئائىشە قاتارلىقلار ئۇنىڭغا قارشى تۇرغان. ھەزرىتى ئوسماننىڭ قېرىندىشى، سۈرىيە ھاكىمى ھەزرىتى مۇئاۋىيەمۇ ئەلىگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلغان. مىلادىيەنىڭ 657 ـ يىلى فىرات دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى فىففىن دېگەن يەردە يۈز بەرگەن جەڭدە گەرچە ھەزرىتى ئەلى غەلىبە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ رەقىبلىرى بىلەن كېلىشىشكە كۆنگەن. ئەلى ئەسكەرلىرىدىن ئون ئىككى مىڭ كىشى بۇنىڭدىن نارازى بولۇپ، ئەلىنىڭ قوشۇنىدىن بۆلۈنۈپ چىققان. ئۇلار «خارىجىيلار» ياكى «خاۋارىجلار» (بۆلۈنمىلەر) دەپ ئاتالغان. خاۋارىجلار رەقىبلىرىنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا باشلىغان. مىلادىيەنىڭ 661 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ھەزرىتى ئەلى كۇفە مەسچىتىدىن چىقىۋاتقان پەيتتە خاۋارىجلاردىن ئەبدۇرەھمان ئىبنى مۇلجەم ئەسسارىمي دېگەن كىشى تەرىپىدىن ئېغىر يارىلاندۇرۇلۇپ، ئىككى كۈندىن كېيىن ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ جەستى ئاشۇ مەسچىتنىڭ قېشىغا دەپنە قىلىنغان بولسىمۇ، كېيىن نەجەب شەھىرىگە كۆچۈرۈلگەن. ھەزرىتى ئەلى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئەلى تەرەپدارلىرى ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئوغلى ھەسەن ئىبنى ئەلى

(مىلادىيە 625 ــ 669)نى خەلىپە دەپ ئېلان قىلغان ۋە مۇئاۋىيە ھاكىمىيىتىگە قارشى كۈرەشنى يېتەكباشتىن باشلاشقا دەۋەت قىلغان. لېكىن ھەسەن ئىبنى ئەلى مۇئاۋىيە بىلەن مۇزاكىرىلىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن كېلىشكەن. مۇئاۋىيە تەرىپىدىن ئۆزىگە ئىنئام قىلىنغان زور مەبلەغنى قوبۇل قىلىپ، ھاكىمىيەت داۋاسى قىلىشتىن ۋاز كەچكەن ھەمدە مەدىنىگە كۆچۈپ بېرىپ، مىلادىيەنىڭ 669 ـ يىلى شۇ يەردە ۋاپات بولغان (شىئەلەرنىڭ رىۋايىتىدە زەھەرلىنىپ ئالەمدىن ئۆتكەن دېيىلىدۇ). ھەسەن ئىبنى ئەلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، خەلىپە ئەلى تەرەپدارلىرى ھەزرىتى ئەلىنىڭ كىچىك ئوغلى ھۈسەيىن ئىبنى ئەلىنى ئۆز رەھبىرىمىز دەپ ئېلان قىلغان. مىلادىيە 680 ـ يىلى ھەزرىتى مۇئاۋىيە ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ھەزرىتى ئەلى تەرەپدارلىرى ئىراقتا مۇئاۋىيە ھاكىمىيىتىگە قارشى كۈرەشنى كۈچەيتكەن. ھۈسەيىن ئىبنى ئەلى مۇئاۋىيەنىڭ ۋارىسى يەزىدكە بەيئەت قىلىشتىن باش تارتقان. كۇفە شەھىرىدىكى شىئە قوۋملىرى ھۈسەيىن ئىبنى ئەلىنى ئۆزلىرىگە ئىمام قىلىپ تىكلەپ، ئۇنى كۇفەگە تەكلىپ قىلغان ھەمدە يەزىدكە قارشى قوزغىلاڭغا باش بولۇشنى سورىغان. ھۈسەيىن ئىبنى ئەلى بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ، مەككىدىن كۇفەگە قاراپ يولغا چىققان. ئۇ يەتمىش نەپەر جەڭچىسى بىلەن كۇفە شەھىرىگە يېقىن جايدىكى كەربالا چۆلىگە يېتىپ كەلگەندە، خەلىپە يەزىدنىڭ تۆت مىڭ كىشىلىك قوشۇنى ئۇنىڭ ئالدىنى توسقان. مىلادىيە 680 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىكى بۇ جەڭدە ھۈسەيىن ئىبنى ئەلى بارلىق جەڭچىلىرى بىلەن بىللە ئۆلتۈرۈلگەن. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن كەربالا شىئە مەزھەپىدىكىلەرنىڭ مۇقەددەس زىيارەتگاھلىرىدىن بىرىگە ئايلانغان. ھۈسەيىن ئىبنى ئەلى ئۆلتۈرۈلگەن مۇشۇ كۈن (مۇھەررەم ئېيىنىڭ 10 ـ كۈنى)نى شىئەلەر ماتەم كۈنى سۈپىتىدە خاتىرىلەيدۇ.

«مەقتۇلنامە» داستانىدا ئەنە شۇ تارىخىي ۋەقە ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنىپ، مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى مەزھەپچىلىك، تەپرىقىچىلىق، گۇرۇھۋازلىق، ھوقۇق تالىشىش، ئىچكى پاراكەندىچىلىكنىڭ تىپىك قۇربانى بولغان ھۈسەيىن ئىبنى ئەلىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش جەريانى تەپسىلىي تەسۋىرلەنگەن.

داستاننى ئوقۇغىنىمىزدا ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىقنىڭ نەقەدەر قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى، پىتنە ـ پاساتنىڭ، گۇرۇھۋازلىقنىڭ، مەزھەپچىلىكنىڭ، ھوقۇق تالىشىشنىڭ ئىنسانلارنىڭ ھاياتى ۋە پاراۋانلىقىغا نەقەدەر ئېغىر پاراكەندىچىلىكلەرنى ۋە دەھشەتلىك پاجىئەلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلماي قالمايمىز.

بۇ داستاندا يەنە ئۇيغۇر تىلىنىڭ 19 ـ ئەسىرگە خاس بەزى تىپىك ئالاھىدىلىكلىرى ساقلانغان بولۇپ، بۇلار تىل تەتقىقاتى ئۈچۈنمۇ قىممەتلىك. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بۇ داستاندا ئۆز دەۋرىنىڭ بەزى توغرا بولمىغان ئىدىيەۋى خاھىشلىرىمۇ ساقلانغان. بۇنداق تەرەپلىرىگە تەنقىدىي مۇئامىلە قىلىشقا، مېغىزىنى قوبۇل قىلىپ، شاكىلىنى تاشلاشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ داستاننىڭ بەدىئىي سەنئەت جەھەتتىكى نۇقسانلىرىمۇ خېلى كۆپ. بۇ داستاننىڭ شېئىرىي سەنئەت جەھەتتە، ۋەزىن ۋە قاپىيە جەھەتتە نۇقسانلىرى خېلى بار. بۇلار ئاپتورنىڭ ئەدەبىي تەربىيەلىنىشىنىڭ ۋە بەدىئىي ئىستېداتىنىڭ ئانچە يۇقىرى ئەمەسلىكىدىن بولسا كېرەك. ۋە ياكى كۆچۈرگۈچى كاتىپ داستاننى كۆچۈرۈش جەريانىدا كېتىپ قالغان نۇقسانلار بولۇشى مۇمكىن. ئوقۇرمەنلەر داستاننى مۇلاھىزە قىلىش جەريانىدا داستاننىڭ ئىدىيەۋىي ۋە بەدىئىي جەھەتتىكى نۇقسانلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلمىغان ھالدا، ئۇنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرىدىن بەھر ئېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

بىسمىللاھىر - رەھمانىر - رەھىم

ئەي يارانلار، بۇ دۇنيا دەۋرى ئاخىر بولدىيا،
مۇئمىن ئەھلىگە ھەر كۈندە تۈرلۈك بەلالار كەلدىيا.
فانى دۇنيا كىمگە باقى قالدىيا مال - مۈلك زەر،
بۇ ئەجەل كىم سىنەسىنى يەرگە چالماي قويدىيا.
ئەنبىياۋۇ ئەۋلىيا، شاھۇ گەداۋۇ بارچەنى
بۇ ئۆلۈمنىڭ ئاپەتى يەر بىلە يەكسان قىلدىيا.
نە ئاتاۋۇ نە ئاناۋۇ پىرۇۋۇ ئۇستازىنى،
نە قارىنداش زەنۇ فەرزەند ئۆلمەيىن كىم قالدىيا.
قىزنى ئانادىن ئايرىپ ھەم ئوغۇلنى ئاتادىن
ھېچ ئادەم بۇ جەھاندا، فىكىر قىلكىم، قالدىيا.
دۇنيا بىر ماتەم سەراي، نە ئەجەب غەدداردۇر،
قايسى خۇبانلارنى قەزا غەم تاشى ئۇرماي قويدىيا.
مۇستافا خەدىجەدىن جۇدا ھەم فاتىمە
ئايرىلىپ ئانداغ ئاتادىن باغرى بىريان بولدىيا.
ئۆتتى ئالەمدىن ئۇلا قالدى ھۇسەيىن
بىۋەفا ئۇممەت قولىدا نە جەفالار كۆردىيا.

## ھەزرەتى ئىمام جەئفەرى سادىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەككەگە كەلگۈنچە بىر ئادەمدىن بۇ قىسسەنى ئىشتكەنى

راۋى ئايتۇر: بىر كۈنى ئول جەئفەرى سادىق ئىمام
مەككەگە باردى ئۇشۇل كۈن ئىيدى قۇربان ئەردىيا.
خاسلار يەتمىش ئەردى جەمئى ئۇشۇل كۈن مەككەدە،
تەۋاف ئۈچۈن مەككە ئىشىكىگە يىغىلىپ كەلدىيا.
پا بەرەھنە، سەر بەرەھنە، لۇنگە تارتىغلىغ ھەممە،
جەئفەرى سادىقنى كۆرۈپ، قاشلارىغا كەلدىيا.
ھاجىلار يىغلاپ دېدى: ئەي جەئفەرى سادىق ئىمام،
بىزنى باشلاپ كىرسىلەر مەككە ئىچىگە دېدىيا.
جەئفەر ئايدى: مۇستافا يارانلارىدىن ئىلگىرى
كىرمەس ئەردى مەككەگە مۇندا كەلسە دېدىيا.
تاڭلا ھەم كىرمەس بىھىشتكە ئۇممەتدىن ئىلگىرى،
تا تەمام كىرگەزمەگۈنچە ئۇممەتىنى دېدىيا.
مەن ھەم ئانىڭ نەبىرەسى، مەن كىرمەگەيمەن ئىلگىرى،
تا ھەممە مەككە ئىچىگە كىرگۈزمەگۈنچە دېدىيا.
چارە تاپالماي ھاجىلار بۇ سۆزگە ئاپغان يىغلاشىپ،
بىر - بىرىن قولىن تۇتۇپ جان ئەللاھ ئايتىپ كىردىيا.
كۆردى جەئفەر ھاجىلار مەككە ئىچىگە كىرگۈنچە
تاكى شۇل سائەت قۇلاقىغا بىر ئۈن ئىشىتىلدىيا.
ئاڭلاسا ئايتۇر بىراۋ: ئەي پادىشاھى زۇلجەلال،
مەن بىلۇرمەن بارچەگە رەھمەت قىلۇرسەن دېدىيا.
جەئفەرى سادىق سوراپ كەلدى بۇ ئۈننىڭ قاشىغە،
مەككەنىڭ دەرۋازە باشىدا بىر ئادەم كۆردىيا.
ئولتۇرۇپدۇر سەرۋى بوي تۈكلۈك، قارا يۈزلىك كىشى،
ماڭلايدە يەتمىش ئىككى داغى قارت بەلگۈردىيا.
كۆزى كور، ساچى قارا ھەم ساقالى ئاق ئىكەن،
ئولتۇرۇپ ئۆزى ئۆزىگە لەئنەت ئوقۇرلار دېدىيا.
جەئفەرى سادىق: نە ئادەم سەن؟ دېبان سوردى كېلىپ،
داغى لەئنەتلەر بىلە مۇنداغ يورۇرسەن دېدىيا.
ھەقتەئالا رەھمەتىدىن ھېچكىم نەۋمىد ئەمەس،
سەن ئۆزەڭ ئۆزۈڭگە لەئنەت ئوقۇرسەن دېدىيا.
جەئفەر ئۈنىدىن تونۇپ بۇ ئادەم كۆپ يىغلادى،
يۈزىنى جەئفەر ئاياغىغا قويۇپ يىغلادىيا.
يىغلاپ ئايدى: ئەي ئىمام، پىشۋايى پاك دىن
مەن ئۆزۈم ئۆزۈمگە لەئنەت نى ئوقۇرمەن دېدىيا.
جەئفەر ئايدى: نە سەبەبدىن تەڭرىدىن نەۋمىدسەن؟
نە كىشى سەن، نە قىلىپ مۇنداق يۈرۈرسەن؟ دېدىيا.
دېدى: مەن ئەردىم ھۇسەيىننىڭ خىدمەتىدە نەچچە يىل،
تا يىگىرمە يىل جىلاۋىدا يۈردۈم دېدىيا.
دېدى: بىر كۈن ئەردى ھۇسەيىن بىرلە يەزىد بولدى يىغى،
ھەم يەزىددىن بۇ مەدىنە خەلقىغە نامە كەلدىيا.
نامەنىڭ مەزمۇنى بۇ ئەردىكىم: مەدىنە چوڭلارى
چىقارساڭ ئىمام ھۇسەيىننى شەھرىڭىزدىن دېدىيا.
بۇ مەدىنە خەلقى يەزىد لەشكەرىدىن قورقتىلار،
بۇ مەدىنە شەھرى كىچىك، بەلكى تەڭلىك ئەردىيا.
ھەزرەتى ئىمام ھۇسەيىننى ئەھلى ئەۋلادى بىلەن
ئۈزىتىپ ئىمام ھۇسەيىننى شەھرىدىن چىقاردىيا.
چىقتى ناچار مەدىنە شەھرىدىن بۇ كۇفەغە،
كۇفە خەلقى ئىمام ھۇسەيىنغە دەرۋازە باغلادىيا.
ئىمام ھۇسەيىن مۇندىن يانىپ كۆككە باقىپ يىغلادىيا،
ئەسقىلانغا بارغالى كەربالاغە كىردىيا.

كەلدى ئۇشۇل سائەت ئىمام ئالدىغە ناگاھ بىر خەبەر،
لەشكەرىغە بۇ فىرات دەريايى ئۇزرە كەلدىيا.
بۇ خەبەرنى ئىشتىپ ئىمام كۆككە باقىپ كۆپ يىغلادى،
ئەھلى ئەۋلادى بىلەن چەندان كېڭەشلەر قىلدىيا.
پادشاھى بۇ مەدىنە بىر جەۋھەر قۇر توقۇپ ئەردىلەر،
ھەزرەتى ئىمام ھۆسەينغە تۆھفە ئېلەپ ئەردىيا.
ھەزرەتى ئىمام ئانى پايجامە باغى قىلدىلار،
مەن ھەمان تۈن ـ كۈن بۇ قۇر فىكر ئەردىم دېدىيا.
تاقالماي ھېچ چارۇ ناچارۇ بەسى بىر تەدبىر بولسىلار،
بەس، قەزاغا سۈند بويۇن كەربەلاغا كىردىيا.
كەلدى ناگەھ كەربەلاغا ئەھلى ئەۋلادى ھۆسەين،
بەس، ئىمامغا چۈن قەزايى ئاسماندىن كەلدىيا.
چۈن خەۋارىج بەرمەدى بىر قەترە سۇ، لۇقمە تەئام،
ئەھلى ئەۋلادى ھۆسەيندە سۇ، تەئام يوق ئەردىيا.
تەشنەئى ئۈن كېچە ـ كۈندۈز ئاچ ـ زار جەڭ قىلدىلار،
چۈن خەۋارىجلار باشى ساينىڭ تاشدەك ياتتىيا.
قانچە ئۆلتۈرسە تولادۇر بۇ خەۋارىج لەشكەرى،
ئات ئاياغىدا قېنى دەريا سۈۋدەك ئاقتىيا.
يەتمىش ئىككى تەن ئىدى ئەۋلادى ئەسھابى ئىمام،
چۈن خەۋارىج ئىلكىدە بىر ـ بىر شەھادەت تاپتىيا.
ئىلىم - پەننىڭ بۈگۈنكى تەرەققىيات نەتىجىلىرىنى ئىنسانلارنىڭ قەدىمكىگە ۋارىسلىق قىلىشى، ئۇنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇشى ۋە قەدەممۇقەدەم يېڭىلىق يارىتىشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. قەدىمكى ئىلىم - پەن ھازىرقى ئىلىم - پەننى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ھازىرقى ئىلىم - پەن بولسا كەلگۈسىدىكى ئىلىم - پەننى ئالغا سىلجىتىدۇ. ئىنسانىيەت پەن - مەدەنىيىتىنىڭ ئۆتمۈشىنى بىلىش ئۇنىڭ كەلگۈسى پارلاق ئىستىقبالىنى يارىتىشىدا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇنداق ئىكەن، بىز قەدىمكى پەن ۋە مەدەنىيەتنى بىلىش ئۈچۈن قەدىمكى ئەسەرلەرگە مۇراجىئەت قىلماي تۇرالمايمىز.

مەملىكىتىمىز مىقياسىدا قەدىمكى ئەسەرلەر دېگىنىمىزدە، يىراق قەدىمدىن تاكى 1949 - يىلىغىچە بولغان ۋاقىتقىچە ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا قوللانغان ھەرخىل تىل - يېزىقلاردا ئىجاد قىلغان ۋە باشقا مىللەتلەر تىل - يېزىقىدىن تەرجىمە قىلغان قول يازمىلار، ۋەسىقىلەر؛ تاش باسما ۋە مىخ مەتبەئەدە بېسىلغان ئەسەرلەر، پۈتۈكلەر، تاش، ياغاچ، مېتال ۋە باشقا بۇيۇم ھەم ئەسلىھەلەرگە ئويۇلغان ئويما ئابىدىلەر؛ چەت ئەللەردە ساقلىنىۋاتقان بىزگە مەنسۇپ بولغان قەدىمكى كىتابلار، ۋەسىقىلەر ۋە ئويما ئابىدىلەر؛ قەدىمدىن تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە يازما خاتىرىگە ئېلىنغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى ئۇلارنىڭ ئۆزۈن تارىخىي مۇساپىسى ۋە شانلىق مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ئىسپاتى. ناۋادا دۆلىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى تولۇق قۇتقۇزۇۋېلىنىپ توپلانسا ۋە نەشر قىلىنسا، ھەر مىللەت خەلقى ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە قان - تەرى سىڭگەن يادىكارلىقلارنى كۆرۈپ شەرەپ ۋە غۇرۇر ھېس قىلىدۇ. بۇ يادىكارلىقلار مەدەنىيەت، مائارىپ، تارىخ، جۇغراپىيە، پەلسەپە، ئېتىكا، دىن، ئەدەبىيات، سەنئەت، سىياسىي، قانۇن، ھەربىي ئىشلار، مېدىتسىنا - سەھىيە، ئاسترونومىيە، كالېندارچىلىق، ماتېماتىكا، خىمىيە، بىناكارلىق، مېمارچىلىق، گۈزەل سەنئەت، سانائەت تېخنىكىلىرى، ھۈنەر - كەسىپ، شۇنداقلا يېزا ئىگىلىك پەنلىرى قاتارلىق پەنلەر تەتقىقاتى ئۈچۈن مۇھىم مەنبە سۈپىتىدە پايدىلىنىلىدۇ. بۇ يادىكارلىقلارنى شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئەۋلادلارنى تەربىيەلەشتىكى زۆرۈر دەستۇر دەپ ھېسابلايدۇ.

1984 - يىلى گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىغا چۈشۈرگەن «ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى قۇتقۇزۇش، رەتلەش توغرىسىدىكى كۆرسەتمە»سىدە: «ئاز سانلىق

مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى ۋەتىنىمىز مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك بايلىقلارنىڭ بىر قىسمى، ئۇلارنى قوغداش ۋە رەتلەش ئىنتايىن مۇھىم خىزمەت. ھەرقايسى جايلار ۋە ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بۇ خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش بىلەن بىللە ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچى ۋە ماددىي كۈچ بىلەن قوللىشى، مەخسۇس قەدىمكى ئەسەرلەر خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كەسپىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىپ، ئۇلار ئۈچۈن زۆرۈر بولغان خىزمەت شارائىتى ۋە تۇرمۇش شارائىتى يارىتىپ بېرىشى كېرەك» دەپ كۆرسەتكەنىدى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مەدەنىيەت تارىخىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بولغان قەدىمكى ئەسەرلىرىنى قوغداش خىزمىتىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، مۇناسىۋەتلىك سىياسەت ـ فاڭجېنلارنى تۈزۈپ، قولايلىق چارە ـ تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، زور دەرىجىدە مەبلەغ ئاجرىتىپ، ھەر جەھەتتىن قوللاپ، بۇ خىزمەتنىڭ ئۈزلۈكسىز ياخشى ئىشلىنىشىگە تۈرتكە بولۇشى ئارقىسىدا، قوغدىلىپ ئارخىپلاشتۇرۇلغان قەدىمكى ئەسەرلىرىمىز ئىچىدىكى بىر تۈركۈم ئەڭ نادىر ئەسەرلىرىمىز رەتلىنىپ ۋە نەشر قىلىنىپ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بىز بۇ جەھەتتىكى كۆپ قېتىملاپ تىلغا ئالغان، ئاللىقاچان مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك بولغان، مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان خۇشاللىنارلىق نەتىجىلىرىمىزدىن پەخىرلىنىمىز ۋە ئىپتىخارلىنىمىز. شۇنداقلا، بىز بۇ خىزمەتنى ھەر جەھەتتىن قوللىغان ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا، قەدىمكى ئەسەرلەر خىزمىتى ۋە تەھرىرلىكى خىزمىتىدە ئۈزلۈكسىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان، مېھنەت سىڭدۈرۈۋاتقان ئۇستازلىرىمىزغا، كەسىپداش دوستلىرىمىزغا، مۆھەررىرلەرگە ئالىي ئېھتىرام بildۈرىمىز ۋە ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىمىز.

قەدىمكى ئەسەرلەر خىزمىتى دەۋر ئالاھىدىلىكى، ئىدىيەۋىلىكى، سىياسىيۋىلىكى، ئىلمىيلىكى، تېخنىكىلىقى، مەسئۇلىيىتىنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك بولۇشى، شۇنداقلا سۈپىتىگە قويۇلغان تەلەپنىڭ زىيادە يۇقىرىلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. قەدىمكى ئەسەرلەر تەھرىرلىكى بولسا، قەدىمكى ئەسەرلەر خىزمىتى جەريانىدىكى مۇھىم بولغان كەسپىي ھالقا. بۇ ھالقىنىڭ چىڭ تۇتۇلۇپ، ياخشى ئىشلىنىش ـ ئىشلەنمەسلىكى، قەدىمكى ئەسەرلەر خىزمىتىنىڭ سۈپىتى، سۈرئىتى ۋە نەتىجىسىگە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئۈچۈن، قەدىمكى ئەسەرلەر مۆھەررىرلىرى سۈپەتكە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ، ھەسسىلەپ ئەستايىدىل بولۇش بىلەن بىللە، كۈچلۈك سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىق ئېڭىنى تۇرغۇزۇپ، «قەدىمكىنى ھازىرقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلاپ مېغىزىنى قوبۇل قىلىش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ سىياسىتىگە، دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىگە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىغا ماسلىشىدىغان، ئىلىم ـ پەننىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغان «سەرخىل ئەسەر» كۆزقارىشىنى تىكلەش بىلەن بىللە، تەبىئىي پەن، ئىجتىمائىي پەن ۋە تەھرىرلىك ئىلمىي بىلىملىرىنى پۇختا ئىگىلىشى، قەدىمكى تىل ـ يېزىق بىلىملىرىنى ئۆگىنىشى ۋە پۇختا يېزىقچىلىق قابىلىيىتىگە ئىگە بولۇشى، بۇ خىزمەتكە مۇناسىۋەتلىك نەزەرىيەۋى ئەسەرلەر ۋە قورال كىتابلارنى داۋاملىق توپلاپ كۆرۈپ تۇرۇشى، يولۇققان مەسىلىلەرنى ئۆز قىياسى، خاھىشى، شەخسىي كۆزقارىشى بويىچە ئەمەس، بەلكى مۇناسىۋەتلىك كەسپىي قوللانمىلار، قورال كىتابلار ئاساسىدا ھەل قىلىش ئارقىلىق بىلىم قۇرۇلمىسىنى كۈچەيتىپ، بىلىم زاپىسىنى بېيىتىپ،

ئەجدادلارنىڭ نەمۇنىلىك ئەسەرلىرىنى ئەۋلادلارغا توغرا، ئەينەن يەتكۈزۈپ بېرىشى، قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن كېتىپ قالغان ئەسلىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنىغا، قىممىتىگە ۋە سۈپىتىگە نۇقسان يەتكۈزىدىغان ھەرقانداق چوڭ ـ كىچىك سەۋەنلىكلەرنىڭ سادىر بولۇشىغا قەتئىي يول قويماسلىقى كېرەك.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، خەلقىمىز شانلىق تىل ۋە يېزىق مەدەنىيىتىگە ئىگە، ئىجادكارلىق روھىغا باي قەدىمكى مەدەنىيەتلىك مىللەتلەردىندۇر. ئۇلار مەدەنىيەت تارىخىدا كۆپ قېتىم يېزىق ئىسلاھاتى ئېلىپ بارغان ۋە ھەرخىل تىل ـ يېزىقلاردا پەن ـ مەدەنىيەتنىڭ ھەرقايسى تۈر ۋە ساھەلىرىگە مەنسۇپ بولغان نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، بىزگە مىراس قالدۇرغان. بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئەسىرگە قەدەم قويغاندىن كېيىن ئۆزلىرى ياشىغان جايلارنىڭ مەركىزىي شەھەرلىرىگە مەدرىسە، كۇتۇپخانا ۋە رەسەتخانىلارنى قۇرغان. شۇنىڭ بىلەن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئالىملار، ئىجادكارلار ۋە ئىلىم تەلەپكارلىرى بۇ خىلدىكى ئىلىم مەركەزلىرىگە كېلىپ توپلىنىپ، ئىجاد قىلىش، ئۆگىتىش ۋە ئۆگىنىش بىلەن مەشغۇل بولغان. نەتىجىدە بۇ ئىلىم مەركەزلىرىدە پەن ـ مەدەنىيەت تەرەققىي قىلىپ، ئىلىم ـ پەننىڭ گۈللىنىش دەۋرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇ دەۋردە مەشھۇر تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەن ئالىملىرى، كەشپىياتچىلار، پەيلاسوپلار، ئاسترونوملار، رەسساملار، سەنئەتكارلار، مۇزىكانتلار، تارىخشۇناسلار، ئەدەبىياتشۇناسلار، يازغۇچىلار، شائىرلار، مېمارلار، تېۋىپلار ۋە باشقا ئۇستازلار يېتىشىپ چىقىپ، ھەر ساھەگە مەنسۇپ يېتۈك ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغان.

شۇنى كۆرۈپ يېتىشكە بولىدۇكى، بىز ئەينى دەۋردە ھەرخىل پەنلەر ۋە ھەر تۈرلۈك ھۈنەر ـ كەسىپلەر توغرىسىدا، يۇقىرى سەۋىيەدە يېزىلىپ ۋە تەرجىمە قىلىنىپ تاكى بۈگۈنگىچە قىممىتى ئېشىپ بېرىۋاتقان؛ مەدرىسە، كۇتۇپخانا، رەسەتخانا، ئوردا مىرزىخانىلىرىدا ماھىر خەتتاتلار ۋە تالانتلىق كاتىپلار تەرىپىدىن قولدا كۆچۈرۈلۈپ، ئۇستىكارلار تەرىپىدىن ئەپچىللىك بىلەن تۇپلەنگەن؛ ئەقىلنى لال قىلغۇدەك قىستۇرما رەسىملەر، فورمۇلالار، دائىرىلەر سىزىلىپ، جان كىرگۈزۈلگەن؛ بەتلىرىگە ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن رەڭلىك نەقىشلەر ئىشلەنگەن؛ نەقىشلىك مۇقاۋا ۋە تىتۇل ئىشلىنىپ نازۇك نەشرىياتچىلىق تېخنىكىسىنىڭ دۇنياۋى سەۋىيەسىنى ياراتقانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرىدىغان ھەربىر پارچە قەدىمكى ئەسەرنى ئىپتىخارلىق بىلەن قولىمىزغا ئېلىپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە جاسارىتىدىن سۆيۈنۈپ، چەكسىز ھەيرانلىق ئىچىدە بۇ ئابىدىلەرنىڭ بەتلىرىنى ئاۋايلاپ تۇرۇپ ئۆرۈگىنىمىزدە، ئالدى بىلەن يولۇقىدىغىنىمىز دەل تىل جەھەتتىكى قىيىنچىلىق بولىدۇ. بىز تىل ئۆتكىلىدىن ئۆتمەي تۇرۇپ، بۇ بۈيۈك ئابىدىلەر توغرۇلۇق مەلۇماتقا ئىگە بولۇشىمىز ۋە باشقىلارنى توغرا مەلۇماتقا ئىگە قىلالىشىمىز مۇمكىن ئەمەس، شۇنداقلا نەشرگە تەييارلانغان قەدىمكى ئەسەرلەرنى تەلەپكە لايىق تەھرىرلەپ، لاياقەتلىك مۇھەررىر بولالىشىمىزمۇ مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. يۇقىرىقى پىكرىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە، مەن تۆۋەندە 1997 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «باياز (2)» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى ئوقۇش جەريانىدا ھېس قىلغانلىرىمنىڭ ئاز بىر قىسمىنى كەسىپداشلىرىم بىلەن ئورتاقلىشىشنى لايىق تاپتىم.

كىلاسسىك شېئىرىيىتىمىزدە كۆپچىلىك شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى جەملىنىپ شېئىرلار توپلىمى قىلىنىپ، ئەرەب تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان «ئاق، ئالبوم، شېئىرلار توپلىمى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان «بەياز» نامى بىلەن ئاتالغان. شۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، مەزكۇر «باياز (2)» ناملىق كىتابنىڭ

ئىسمى «باياز» ئەمەس، «بەياز» بولسا توغرا بولغان بولاتتى. ئۆزبېك كلاسسىك شېئىرىيىتىدە تۇراقلىق هالدا ئومۇملاشقان، «ئۇنىڭ ناز ـ كەرەشمىلىرى ئۆزگىچە بولۇپلا قالماي، شۇ ئارقىلىق ئېلىپ كېلىدىغان زۇلۇم ۋە ئازابلىرى تېخىمۇ باشقىچە» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «نازى ئۆزگىچەيۇ ستەمى بۆلەكچە» ۋە «ناز ئۆزگىچەۋۇ ستەم بۆلەكچە» مىسرالىرى بىلەن قاپىيەلەنگەن مۇخەممەسنى كۆپ ئۇچرىتىمىز. كلاسسىك شائىر هاجى هەمدەمىنىڭ يۇقىرىدىكى مىسرا بىلەن قاپىيەلەنگەن مۇخەممەسىگە «باياز (2)»دا مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن «بولكىچى هاجى (هەجۋىي)» نامى قويۇلغاندىن سىرت، مۇخەممەسنىڭ هەربىر كۇپلېتىنىڭ قاپىيەلىنىدىغان ئاخىرقى مىسراسى «نام ئۆزگىچەۋۇ ستەم بۆلەكچە» باشتىن ـ ئاخىرغىچە «ناز ئۆزگىچەيۇ ستەم بولكىچى» دەپ ئېلىنغان. مۇخەممەستىكى «ياراتقۇچى، ياسىغۇچى، بارلىققا كەلتۈرگۈچى» مەنىسىدە كەلگەن «خەللاق» سۆزى «خەلاق» سۆزى بىلەن؛ «ئاشىقلار» مەنىسىدە كەلگەن «ئۇششاق» سۆزى، «كىچىك» مەنىسىدىكى «ئۇششاق» سۆزى بىلەن؛ «پەرى، پەرىزات، گۈزەل» مەنىسىدە كەلگەن «پەرى» سۆزى «ئاقساقال، پېشقەدەم، ياشانغان، ئۇستاز، ماهىر» مەنىسىدىكى «پىر» سۆزى بىلەن؛ «يوقىتىش، قايتۇرۇش، كۆتۈرۈۋېتىش» مەنىسىدە كەلگەن «دەفئى» سۆزى «دەخئى» سۆزى بىلەن؛ «چاچ» مەنىسىدە كەلگەن «گىسۇ» سۆزى مەنىسى ئېنىقسىز «كىسۋە» سۆزى بىلەن؛ «تىلسىز، گاچا، كېكەچ» مەنىسىدە كەلگەن «گۇڭ» سۆزى «كەڭ، ئازادە» مەنىسىدىكى «كەڭ» سۆزى بىلەن؛ «قەلبىنىڭ سىرى» مەنىسىدە كەلگەن «رازى دىل» بىرىكمىسى «سىر قەلب» مەنىسىنى بىلدۈرگەن «رازدىل» سۆزلىرى بىلەن؛ «نازاكەت بېغى» مەنىسىدە كەلگەن «باغى نەزاكەت» بىرىكمىسى «باغ نازاكەت» سۆزلىرى بىلەن ئېلىنغان. بەخت قۇشى ــ قۇمرى تارىختىن بۇيان ئۆزبېكلەرنىڭ قۇت نىشانى قىلىنىپ، بۇلبۇل بىلەن ئوخشاش سۈپەتلىنىپ كېلىنىۋاتقاندى. كلاسسىك شائىر مۇقىمىنىڭ مۇرەببەسىدىمۇ «قۇمرى، سايرىغۇچى، نالە قىلغۇچى» مەنىسىدە كەلگەن «قۇمرى» سۆزى «ئاي» مەنىسىدىكى «قەمەر» سۆزى بىلەن؛ «ئادەممۇ، ئىنسانمۇ» مەنىسىدە كەلگەن «بەشەرمۇ» سۆزى «هاياسىز ۋە نومۇسسىز» مەنىسىدىكى «بىشەرمۇ» سۆزى بىلەن؛ «ياش، يىگىت» مەنىسىدە كەلگەن «جەۋان» سۆزى «روھ، جان» مەنىسىدىكى «جان» سۆزى بىلەن؛ مۇقىمىنىڭ هەجۋىيسىدىكى «نىشانسىز، خەۋەرسىز» مەنىسىدە كەلگەن «بىدەرەك» سۆزى «نىشانغا، خەۋەرگە» مەنىسىدىكى «بەدەرەك» سۆزى بىلەن؛ «نېسىۋە، بەهرە، ئۈلۈش، لەززەت، بەخت» مەنىسىدە كەلگەن «هەز» سۆزى «ئاياللارنىڭ ئادەت كۆرۈشى» مەنىسىدىكى «هەيز» سۆزى بىلەن؛ «بۇلغانغان، كىر» مەنىسىدە كەلگەن «كىر» سۆزى «ئەگەر، مۇبادا» مەنىسىدىكى «ـ گەر» سۆزى بىلەن ئېلىنغان. كلاسسىك شائىر خىسلەت كاشغەرىينىڭ غەزىلىدىكى «چەۋگان ئويۇنىدا ئوينىلىدىغان توپ» مەنىسىدە كەلگەن «گۇي» سۆزى ناخشا، مۇزىكا، ئاهاڭ، مەدھىيە» مەنىسىدىكى «كۇي» سۆزى بىلەن؛ «هازىرغىچە، هېلىغىچە» مەنىسىدە كەلگەن «تابۇكەي، تابەكەي» سۆزى «ئەي تاپقىنىكى» مەنىسىدىكى «تابكى ئەي» سۆزى بىلەن؛ «يۈزى، رۇخسارى، جامالى» مەنىسىدە كەلگەن «ئارەزى» سۆزى «ئەۋلىيا، پىر، پەرىشتە، خىزىر» مەنىسىدىكى «ئارزى» سۆزى بىلەن؛ «بەدەخشاننىڭ ياقۇتى» مەنىسىدە كەلگەن «لەئلى بەدەخشان» بىرىكمىسى «لەئىل بەدەخشان» سۆزلىرى بىلەن؛ «جىگەرنىڭ قېنىدىن» مەنىسىدە كەلگەن «خۇنى جىگەردىن» بىرىكمىسى «قان جىگەردىن» مەنىسىدىكى «خۇن جىگەردىن» سۆزلىرى بىلەن؛ «جەننەتنىڭ بېغى» مەنىسىدە كەلگەن «باغى رىزۋان» بىرىكمىسى «باغ

جەننەت» مەنىسىدىكى «باغ رىزۋان» سۆزلىرى بىلەن ئىپلىنىغان.

سۆزلەرنىڭ توغرا تەلەپپۇزدا ترانسكرىپسىيە قىلىنماسلىقى، ئاددىيغىنا بىر ئىزافەتنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ياكى قوشۇلۇپ قېلىشى سەۋەبىدىن پۈتۈن بىر جۈملىنىڭ مەنىسىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقانلىقى، شېئىر ۋەزنىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراۋاتقانلىقى قەدىمكى ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاش ۋە تەھرىرلەش خىزمىتىنىڭ بىزدىن تىل ئۆتكىلىدىن ئۆتۈش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، ئەستايىدىللىقنى ۋە سەۋرچانلىقنى، ئىنچىكىلىكنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. مەن ئاخىرىدا، قەدىمكى ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاش ۋە تەھرىرلەش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ئەجداد بىلەن ئەۋلادلارنى ئۇلاش، قەدىمكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن ھازىرقى زامانىۋى مەدەنىيەتنى تۇتاشتۇرۇشتىن ئىبارەت كۆۋرۈكلۈك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، سەۋەنلىكلەردىن ئىمكانقەدەر ساقلىنىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك نادىر ئەسەرلەرنى خەلقىمىزگە سۇنۇشىنى چىن دىلىمدىن ئۈمىد قىلىمەن.

(ئاپتورى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتى ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئىشخانىسىدا)

مۇھەممەد ئىبراھىمجان

# ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى ئۆگىنىش جەريانىدا ھېس قىلغانلىرىم

ئۇيغۇر مۇقاملىرى — ئۇيغۇر مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەر، مەرھۇم ئۇستاز ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ تەبىرى بويىچە ئالغاندا «ئۇيغۇر مۇقاملىرى — ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ مىڭلىغان يىللاردىن بېرى داۋاملىق تاۋلىنىپ كەلگەن بەدىئىي تەپەككۇر كىرىستالى، ئېستېتىك ھېسسىياتىنىڭ مۇزىكىلىق چەشمىسى»، «ئۇيغۇر خەلقىنى دۇنياغا، كەلگۈسىگە تۇتاشتۇرىدىغان مۆجىزىدار ھېكمەتنامە».

بالا ۋاقتلىرىمدىن باشلاپ خەلق ئىچىدىكى ناخشا - مۇزىكىلارغا ۋە مۇقام ئاھاڭلىرىغا قىزغىن ئىشتىياق باغلاپ، ئون ئىككى مۇقامنىڭ قىسمەن بۆلەك ئاھاڭلىرىنى مەشرەپ - سورۇنلاردا پېشقەدەملەردىن، شۇنداقلا رادىيو، ئۈنئالغۇ، تېلېۋىزور قاتارلىق تارقىتىش ۋاسىتىلىرىدىن ئاڭلاپ ئۆگەنگەن بولساممۇ، مۇنتىزىم ئۆگىنىش شەرىپىگە ئېرىشەلمىگەنىدىم.

2005 - يىلى مۇقام ئانسامبىلىنىڭ تەكلىپى بىلەن چوڭ تىپتىكى كېچىلىك — «مۇقام باھارى»غا قاتناشتىم، مۇشۇ پۇرسەتتە ئوسمان ئەمەت، چىمەنگۈل قادىر، داۋۇت مامۇت، ھېكىم ھەسەن، مەخمۇت ئابلىز قاتارلىق ئۇستازلارنىڭ ئەستايىدىل ئۆگىتىشى بىلەن ئۇششاق مۇقامى، دولان مۇقامى، قومۇل مۇقامى، تۇرپان مۇقامى قاتارلىق مۇقاملارنى مەخسۇس ئۆگىنىپ، سەھنىلەشتۈرۈش جەريانىدا ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئۆزگىچە بىباھا خەزىنە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم. ھەربىر مۇقامنىڭ ئۆزگىچە جەلپكارلىقى، قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەممەللىكى، ئاھاڭلىرىنىڭ رەڭدارلىقى، تېكىستلىرىنىڭ قەدىمىيلىكى ئادەمنى تولىمۇ مەپتۇن قىلىدۇ. ئۇيغۇر خەلقى ئۆز مەشرەپلىرىنى، ئۆز مۇقاملىرىنى مىللەت گەۋدىسىدىكى «ھاياتىي ئىقتىدار»، «روھىي ئىقتىدار»، «تەپەككۇر ئىقتىدارى» ئۈنچە - مەرۋايىتلىرىنى تۇتاشتۇرىدىغان «جان رىشتىسى» دەپ مۇقەددەس بىلىدى، بۇ خىل قاراش باپارەھىم مەشرەپنىڭ «راك مۇقامى» مۇقەددىمىسىگە سېلىنغان مۇنۇ غەزىلىدەك ناھايىتى روشەن نامايان بولىدۇ:

سېتارىم تارىغا جان رىشتەسىدىن تار ئېشىپ سالسام،
ئانىڭكىم نالەسىدىن بىنەۋانىڭ كۆڭلىنى ئالسام.
مۇقام چالىپ مۇقام ئىچرە مۇقامنى دىلگە جا قىلساق،
مۇھەببەت كۈيىغا سالسا ئانىڭ ئالدىدا مەن چالسام.
مۇقاملارنىڭ ئاتاسىنى ھۆسەينىيۇ ئەجەم دەرلەر،
بۇلاردىن يۇقارىكىم پەردەئى باياتنى چالسام.
مۇھەببەت مەيدىن نۇش ئەيلەگەچ چالسام پەيا پەيكىم،
كى كۆڭۈل بىناۋا بولغاننى بىلسەم نەۋا چالسام.
ئارالاپ چالسام ئۇششاقنى غەزەلنى راكقا يەتكۈزسەم،
شەبىستانۇ سەھەرلەردە، مۇشاۋرەك، پەنجىگاھ چالسام.

ئىراقۇ چەببايات ئۆزھالدا پەيزىكىم يېتەر بولسا،
تىلەپ خۇرشىدى ۋەسلىن سۇبھى دەمدە چارگاھ چالسام.
يېتىپ ۋەسلىگە ھىممەتىنىڭ جۇدالىق تاغىدىن ئۆتسەم،
ئىچىپ ۋەسلىڭ شەرابىدىن قىلىپ تەڭكەش سىگاھ چالسام.
كەل، ئەي مەشرەب، قەدەھ سۇنغىل، بولايىن مەستۇ مۇستەغرەق
بىر ئىلكىمگە ساتارۇ بىر ئىلكىمگە جامى مەي ئالسام.

مانا بۇ مىسرالاردا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەقدىر ـ قىسمەتلىرى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەقدىر ـ قىسمەتلىرى، جۈملىدىن ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ تەقدىر ـ قىسمەتلىرى شېئىر ۋە مۇزىكا ۋاسىتىسىدە ئىنتايىن ئوبرازلىق ۋە ھېسسىياتلىق ئىپادىلەپ بېرىلگەن.

مۇقام ھەققىدىكى تەبىرلەردە: ھەر بىر مۇقامنىڭ مۇقەددىمە قىسمى پۈتۈن بىر مۇقامنىڭ ئاھاڭ قۇرۇلمىسىنى ۋە مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دېيىلىدۇ. دەرۋەقە ئون ئىككى مۇقامنىڭ بىرىنچىسى بولغان راك مۇقامىنىڭ مۇقەددىمە، تېكىستىدىمۇ ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئىسمى بىر ـ بىرلەپ تولۇق بايان قىلىنغان.

2008 ـ يىلىدىن بېرى مۇقام ئانسامبىلىدا ئىشلەش جەريانىدا ئۇستازلارنىڭ يېتەكلىشى بىلەن ئون ئىككى مۇقامنى بىر ـ بىرلەپ ئۆگىنىپ، تەلەپكە لايىق مۇقامچى بولۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كەلدىم. مۇقام بىلەن ئۆتكەن ھايات ماڭا نۇرغۇن يېڭى ھېس ـ تۇيغۇلارنى بەخش ئەتتى، ناھايىتى كۆپ يېڭى چۈشەنچىلەرنى، ئەمەلىي بىلىملەرنى ئۆگەتتى. ئۇزاق مەزگىللىك كەسپىي خىزمەت جەريانىدا ئون ئىككى مۇقامنىڭ ھەقىقەتەنمۇ بىر بۈيۈك سەنئەت قامۇسى ئىكەنلىكىنى، مۇقام بىلەن شۇغۇللانماقچى بولغان كىشىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە بىلىم ۋە ئىقتىدارنى ھازىرلىشى زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. تەلەپكە لايىق بىر مۇقامچى بولۇش ئانچە ئاسان ئىش ئەمەس، بۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭچە تۆۋەندىكىدەك كىشىلىك ساپانى، ئىلمىي ساپانى ۋە كەسپىي ساپانى ھازىرلىشى شەرت:

1) مۇقامچى مۇستەقىل قاراشقا، ئېنىق نىشانغا، مۇستەھكەم ئىرادىگە ئىگە بولۇشى، ئۇزاق مۇددەت جاپالىق ئىزدىنىدىغان، مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان، قايتمايدىغان، سوۋۇپ قالمايدىغان شىجائەتكە ئىگە بولۇشى لازىم. ھەربىر كىشىنىڭ قىممەت قارىشى ئوخشاش بولمايدۇ. كىشىلىك قىممەت قارىشى شۇ كىشىنىڭ تىرىشىش نىشانى ۋە ئىرادىسىنى بەلگىلەيدۇ. ئون ئىككى مۇقام ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت مىراسى. ئېلىمىزنىڭ مەدەنىيەت، جۈملىدىن سەنئەت خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەر. ئۇنىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەت مەدەنىيەت مىراسلىرى ئارىسىدىكى ئورنى ۋە قىممىتىمۇ ناھايىتى يۇقىرى. مۇقامچى بولماقچى بولغان كىشى ئۆزى شۇغۇللانماقچى بولغان بۇ كەسپنىڭ قىممىتىنى چوقۇم ئېنىق بىلىشى، ئۇنىڭغا قىزغىن مۇھەببەت ۋە ئىشتىياق باغلىغان بولۇشى، ئۇنىڭدىن چەكسىز غۇرۇر، ئىپتىخار تۇيغۇسىغا چۆمۈلەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا ئاندىن ئۇ ئۆز كەسپىدىكى بارلىق مۇشەققەتلەرنى ھۇزۇر ـ ھالاۋەت ھېس قىلىدىغان، ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئەنە شۇ ئەھمىيەتلىك ئىشقا شەرتسىز بېغىشلىيالايدىغان مەنىۋى ساپاغا ئىگە بولغان بولىدۇ. كۆزگە كۆرۈنگەن بىر مۇقامچى بولۇش ئۈچۈن ئۇزاق مۇددەت جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ ئۇنداق ئاسانلا نام چىقىرىدىغان، ئۇياقتىن ئۇرۇق چېچىپ، بۇياقتىن ھوسۇل يىغىدىغان ئوڭاي كەسىپلەردىن ئەمەس. شۇڭا، بىر قىزىپ، بىر سوۋۇيدىغان، ئىرادىسى تۇراقسىز، مىجەزى ئۆزگىرىشچان، يەڭگىلتەك ئادەملەر ئاسانلىقچە مۇقامدىن نەتىجە ھاسىل قىلالمايدۇ. مۇقام ساھەسىدە نەتىجىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇزاق مۇددەت ئىزدىنىدىغان، ئىرادىسىدىن قايتمايدىغان، ئېنىق نىشانغا ئىگە بولغان پىسخىكا ساپانى

يېتىلدۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

2) ئون ئىككى مۇقام ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخى، ئەدەبىيات - سەنئىتى، ئۆرپ - ئادىتى، دۇنيا قارىشى، ئېستېتىك قارىشى بىلەن زىچ باغلانغان كۆپ تەرەپلىمە ئەھمىيەتكە ئىگە بۈيۈك مەدەنىيەت مىراسى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇقام بىلەن شۇغۇللانماقچى بولغان كىشى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، ئەدەبىياتى، سەنئىتى، كىشىلىك تورمۇشى ۋە باشقا ئالاقىدار ساھەلەر بويىچە پۇختا بىلىمگە ئىگە بولۇشى زۆرۈر. ئۇنداق بولمىغاندا، مۇقامنىڭ مەنىۋى ۋە ئېستېتىك خۇسۇسىيەتلىرىنى تونۇپ يېتەلمەيدۇ، مۇقامدىكى ئىدىيەۋى مەزمۇن ۋە سەنئەت يۈكسەكلىكىنىمۇ ھېس قىلالمايدۇ.

3) ئون ئىككى مۇقام ئەدەبىي جەھەتتە ۋە سەنئەت جەھەتتە ئۆزىگە خاس ئۆزگەرمەس قائىدە - قانۇنىيەتلەرگە، قۇرۇلما جەھەتتە مۇقىم ۋە مۇستەھكەم بىر پۈتۈن گەۋدىگە، شۇنداقلا ئىنتايىن قويۇق تارىخىي ۋە مىللىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە نادىر يادىكارلىق. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇقام بىلەن شۇغۇللانماقچى بولغان كىشى مۇقامنىڭ ئۆزىگە خاس قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنى ياخشى بىلىشى، ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىشى، ھە دېگەندە ئۇنى ئۆزگەرتىشكە، ئىسلاھ قىلىشقا ئۇرۇنماسلىقى، بۇ مەدەنىي مىراسنىڭ ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى، قۇرۇلما جەھەتتىكى ۋە كۈي - مېلودىيە جەھەتتىكى ئەسلىي ھالىتىنى ئەينەن ساقلاشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن ئەھمىيەت بېرىشى زۆرۈر. ئەگەر مۇقامنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ساقلاپ قېلىنمايدىكەن، بۇ بۈيۈك مىراسنىڭ تارىخىيلىق، بەدىئىيلىك ۋە ئىلمىيلىك جەھەتتىكى قىممىتى پۇچەكلىشىدۇ ياكى يوقىلىدۇ.

4) تونۇلغان بىر مۇقامچى بولۇپ چىقىش ئۈچۈن، ئۆتكۈر مۇزىكا سېزىمى بولۇش، مۇزىكا ئىلمىنىڭ نەزەرىيەۋى ۋە ئەمەلىي بىلىملىرىنى پۇختا ئۆزلەشتۈرگەن بولۇش زۆرۈر. مۇزىكا بارلىق سەنئەت تۈرلىرى ئىچىدە ئۆزىگە خاس ئىپادىلەش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان مۇھىم ئىلىم. ئۇ باشقا پەنلەرگە ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇقام مۇزىكا ئىلمى ئىچىدە ئۆزىگە خاس مۇستەھكەم قۇرۇلما ۋە قائىدە - قانۇنىيەتكە ئىگە بولغان سەنئەت يادىكارلىقى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇقامنىڭ ئۆزىگە خاس مېلودىيە ئالاھىدىلىكىنى ياخشى ئىگىلەش ۋە ئۇنى ئەسلىگە سادىق بولغان ھالدا ئەينەن ئەكس ئەتكۈزۈش ئۇيغۇر مۇقامچىلىقىدىكى ئۆزگەرمەس نىشان بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا، بۇ كەسىپ ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي قىممىتىنى تاپقان بولىدۇ.

5) ياخشى بىر مۇقامچى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئوبدان خەۋەردار بولۇشى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر مۇقاملىرىغا تېكىست قىلىنغان كلاسسىك شېئىرلار ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ تىلى، مەزمۇنى ۋە سەنئەت ئالاھىدىلىكىنى پىششىق بىلىشى لازىم. شۇنداق بولغاندىلا، تېكىست بىلەن ئاھاڭنى توغرا تەلەپپۇز، توغرا ھېسسىيات، توغرا كەيپىيات بىلەن ئەينەن ئەكس ئەتكۈزۈپ بەرگىلى بولىدۇ. مۇقام تېكىستلىرىنىڭ تىلىنى پىششىق بىلمىگەندە، ئۇنى توغرا تەلەپپۇز قىلغىلى، ئاھاڭ بىلەن زىچ بىرلەشتۈرگەن ھالدا راۋان ئىپادىلىگىلى بولمايدۇ. مۇقام تېكىستلىرىنىڭ مەزمۇنىنى چۈشەنمىگەندە، شېئىرىي ھېسسىيات بىلەن مېلودىيەنى ۋە كەيپىياتنى بىردەكلىككە ئىگە قىلغىلى بولمايدۇ. مۇڭلۇق مەزمۇندىكى تېكىستلەرنى كۆلۈمسىرەپ ئېيتىدىغان، شوخ مەزمۇندىكى تېكىستلەرنى سۆرەلمىلىك بىلەن سوزۇۋېتىدىغان، ۋەزمىن، ئېغىر - بېسىق مەزمۇندىكى تېكىستلەرنى يەڭگىلتەكلىك ۋە ئالدىراقسانلىق بىلەن ئورۇنلايدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەربىر كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى شۇ كەسىپنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى، قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنى پىششىق ئۆزلەشتۈرۈشى، ئۇنىڭغا ئىزچىل رىئايە قىلىشى، ئۇنى ھۆرمەتلىشى، قوغدىشى زۆرۈر. مۇقاممۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس، ئەلۋەتتە.

(ئاپتورى: شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلىدا)

توپلاپ رەتلىگۈچى: ھەلىمىگۈل ئابلىز

# ماقال ـ تەمسىللەر

## ئىچىملىك ۋە چېكىملىك توغرىسىدىكى ماقال ـ تەمسىللەر

1. ئاچلىقتىن خومارلىق يامان.
2. ئادەم قېرىسا بىلىمى قېرىماس،
بەڭگى قېرىسا چىلىمى قېرىماس.
3. ئاقىل هاراق ئىچسە، بولۇر قارا،
نادان هاراق ئىچسە، بولۇر بالا.
4. ئالىمنىڭ خۇمارى بىلىم،
بەڭگىنىڭ خۇمارى چىلىم.
5. ئاي بېشىدا ئۇلاپ چېكەر،
ئوتتۇرىسىدا توختاپ چېكەر،
ئاخىرىسىدا سوراپ چېكەر.
6. ئەپيۇن پادىشاھ، مۇسەللەس ۋەزىر،
ناس پاسكىنا، نەشە بىنەزىر.
7. ئەسكى سامان ئوتۇن بولماس،
بەڭگىگە تەگكەن خوتۇن بولماس.
8. ئەسنەك ئۇيقۇ كەلتۈرىدۇ،
تاماكا قۇيقا (كەلتۈرىدۇ).
9. ئەقىل تاش يارار،
هاراق باش (يارار).
10. ئەقىل شارابتا ئېرىپ كېتىدۇ.
11. ئەقىللىك بىلىم ئالار،
چاكىنا چىلىم (ئالار).
12. ئەما كۆڭگە قارار،
ناسكەش كۆلگە (قارار).
13. بەڭگى بوۋىسىنى ماختار.
14. بەڭگى جىلە بولسا، ناسۋال يەر،
مەست جىلە بولسا، دەسمال يەر.
15. بەڭگى چىلىم كويىدا،
جوۋان يېلىم (كويىدا).
16. بەڭگى دوڭغاق كېلەر،
سوغۇقتا توڭغاق كېلەر.
17. بەڭگى قەلەندەر كېلۇر،
ئوغرى قىمارۋاز (كېلۇر).
18. بەڭگى قېرىسا سوپى بولار.
19. بەڭگى كەندىرگە ئامراق،
هۆرۈن يەڭگىلگە (ئامراق).
20. بەڭگىگە تەگكەن خوتۇن كارغا كەلمەس،
دىرەۋزىن ئەتكەن ياغاچ كارغا كەلمەس.
21. بەڭگىگە ئېرىق دەريا كۆرۈنەر.
22. بەڭگىنى بالام دېمە،
بۇقىنى كالام دېمە.
23. بەڭگىنىڭ خۇيى ئىتتىن يامان.
24. بەڭگىنىڭ خىيالى ـ كۆڭلىنىڭ زاۋالى.
25. بەڭگىنىڭ كۆزىگە ئېشەك سۈيدۈكى كۆل كۆرۈنۈپتۇ.
26. بەڭگىنىڭ ئۆڭى يوق،
پاشىنىڭ قوڭى يوق.
27. بۇقىنى كالام دېمە،
هاراقكەشنى بالام (دېمە).
28. بىر مەستتىن قورقىمەن،
بىر مۈرىمەستتىن قورقىمەن.
29. بىلىملىك بىلىمى بىلەن،
بەڭگى چىلىمى بىلەن.
30. پاشىنىڭ قوڭى يوق،
مەستنىڭ ئۆڭى (يوق).
31. تاپسا شەيتان ئامالنى،

ئافرىنگىغا قويار شارابنى.
32. تاماكا تارتسالڭ پوردا تارت،
ئازابىنى گۆردە تارت.
33. تاماكا چەككەننىڭ پۇلى كۆيىدۇ.
34. تاماكا چەككەننىڭ چىشىنى چاق،
ناس سالغاننىڭ تىلىنى كەس.
35. تاماكا دورامچىننىڭ،
هاراق زورلامچىننىڭ.
36. تاماكىغا شەيتان كېپىل.
37. تام زەيدىن يىقىلار،
ئادەم مەيدىن (يىقىلار).
38. چاشقانغا هاراق ئىچكۈزسەڭ مۈشۈككە ئايلىنار.
39. چالا پىشقان تاۋۇزنىڭ شاپىقى تولا،
تولا ئىچكەن شارابنىڭ چاتىقى (تولا).
40. چىرىگەن ياغاچ ئوتۇن بولماس،
نەشىكەشكە تەگكەن خوتۇن بولماس.
41. چىلىمى يوق بەڭگى مەست،
نوختىسى يوق هاڭگى مەست.
42. خۇدا يىراق قىلغىن ئۈچ نەستىن:
بىرى مەستتىن، بىرى پەستتىن، بىرى مۆرمەستتىن.
43. دوست تۇتساڭ كەيپ ـ ساپانى،
سېتىۋالىسەن جەبىر ـ جاپانى.
44. دوستۇڭ هاراقكەش بولسا يېيىشىڭ مۇش.
45. ساراڭ بىلەن مەستكە گەپ قىلما.
46. ساينىڭ دەرىخى يوق، توز كۆرۈنەر،
مەستكە قېرى خوتۇن قىز كۆرۈنەر.
47. شارابقا قاندىم،
چاتاققا قالدىم.
48. شارابنىڭ ئاقىۋىتى چۈشكۈنلۈك،
ئۆمرۈڭ بولىدۇ ئۈچ كۈنلۈك.
49. قارنى يامان هېيتتا ئۆلەر،
بەڭگى دۇتتا ئۆلەر.
50. قازالىق كىشىگە مەي ئۇچرايدۇ،
پادىچىغا نەي (ئۇچرايدۇ).
51. قىرائەت ئاڭلىغاندا يۈكۈن،
مەستكە يولۇقساڭ مۆكۈن.
52. كەيپلىك كىشى ـــ ئەيىبلىك كىشى.
53. كۆۋرۈك جامائەتنىڭ،
هاراق هاماقەتنىڭ.
54. مەست ئالدىغا بىر قەدەم ماڭسا،
ئارقىغا ئىككى قەدەم ماڭار.
55. مەست ئەينەك ئالدىدا سايىسىگە مۇشت تەڭلەر.
56. مەست تالادا،
باللىرى بالادا.
57. مەستتىن ساراڭمۇ قورقىدۇ.
58. مەست چوغنى كاۋاپ دەر،
كۆيمىسە ئېلىپ يەر.
59. مەست، قولىقىنى كەس.
60. مەست كاللا ـــ نەس كاللا.
61. مەستكە سېخىيلىق قىلسا،
يېرىمىنى ئۆيگە، يېرىمىنى هويلىغا ياندۇرار.
62. مەست گۆش يېسە، ئىت خىرىس قىپتۇ.
63. مەستلىك ئەقىلسىزلىقنىڭ مەشۇقىدۇر.
64. مەستلىكتە بەرگەن ۋەدە ۋەدە ئەمەس.
65. مەستلىك ـــ پەسلىك.
66. مەستلىكتە قىلغان گېپىگە يېشىلگەندە پۇشايمان قىپتۇ.
67. مەستلىك غەمدىن خالاس قىلۇر.
68. مەست مەستلىكتە ئىچ ـ باغرىنى تۆكۈپتۇ.
69. مەست، مەستىنىڭ قىلىقى پەس.
70. مەست مۇشت ئاتار،
تەگمىسە ئۆزى ياتار.
71. مەستىنىڭ ئاغزى كىچىك باللىنىڭ كۆتىگە ئوخشايدۇ.
72. مەستنى ئايىغى ماڭدۇرماس، هارىقى ماڭدۇرار.
73. مەستىنىڭ تۈۋسى شىشىنى كۆرگۈچە.
74. مەستىنىڭ داۋاسى ئۇيقۇ.
75. مەستىنىڭ سۆزى تۈگىمەس.
76. مەستىنىڭ قەرزى كۆپ،
چىنىنىڭ دەزى (كۆپ).
77. مەستىنىڭ كۆزى گۆش ـ ياغدا،
پۇت ـ قولى تۇرار لايدا.
78. مەستىنىڭ گېپى بىردەملىك.
79. مەستىنىڭ مەستلىكى مەستكە ئۇچرىغاندا يېشىلەر.
80. مەستىنىڭ هالى ـــ كېسەل توخۇنىڭ هالى.

81. مەستنىڭ ھېۋىسى تۈگىگۈچە، بېشى يەرگە تېگىپتۇ.
82. مەست ھاراقتا دوست،
دۈمبىسى تاياقتا دوست.
83. مەست ئۆلۈكتىن قورقماس.
84. مەست ئۆيگە كىرگۈچە، كەشى تۆرگە چىقىپتۇ.
85. مەست يىگىتكە قېرى خوتۇن قىز كۆرۈنۈپتۇ.
86. مەي پەيدا قىلار مەستلىك،
مەستلىكتىن چىقار نەسلىك،
مەينىڭ ئاشىقى بولساڭ،
سېنى باسار نەسلىك.
87. موزاينى كالام دېمە،
بەڭگىنى بالام (دېمە).
88. موللا تەمەخور كېلىدۇ،
ھاراقكەش بالاخور (كېلىدۇ).
89. موللامنىڭ ئەسكىسى ۋاراقكەش،
ئادەمنىڭ ئەسكىسى ھاراقكەش.
90. موللىنىڭ يامىنى ۋاراقچى،
ئادەمنىڭ يامىنى ھاراقچى.
91. مېھماننىڭ مەستلىكى كەيپ،
ساھىبخاننىڭ مەستلىكى ئەيپ.
92. ناس چەككەن كىشىنى،
چېقىۋەتسەم چىشىنى.
93. ناس نامەردنىڭ،
تاماكا سۆلەتنىڭ.
94. ناسۋال چەككەن كىشىنى،
ئۇرۇپ چاقسۇن چىشىنى.
95. ناسۋالچى تۈكۈرۈپ ھارمايدۇ،
كىچىك بالا يۈگۈرۈپ (ھارمايدۇ).
96. ناسۋالچى قېرىسا قاپاق ئاسىدۇ،
بەڭگى قېرىسا چاپاق باسىدۇ.
97. ناسۋال قاپاقتا نان بارمۇ؟
98. نەشە چەككەن كىشىنىڭ تۈتۈن بىلەن قارنى توق.
99. نەشە چەككەن مەس بولۇر،
ئاخىرىدا پەس بولۇر.
100. نەشخور تويۋا قىلماس،
تويۋا قىلسىمۇ كۆڭلى قويماس.
101. نەشكەشنىڭ كاللىسى سوقا،
ئەپيۈنكەشنىڭ ماڭلىيى دوقا.
102. نەشىگە بېرىلمە،
مەنسەپكە كېرىلمە.
103. يېنى قۇرۇق، قولىدا يوغان سومكا،
قورسىقى ئاچ، كۆتۈرۈۋاپتۇ ھاراق - رومكا.
104. ھاراق ئادەمنى مەرد قىلىدۇ،
كېيىن لەت قىلىدۇ.
105. ھاراق ئەقىلنى كېسەر،
تاماكا قۇۋۋەتنى (كېسەر).
106. ھاراق ئەقىلنى كېمەيتىدۇ،
تاماكا قۇۋۋەتنى (كېمەيتىدۇ).
107. ھاراق — بەختنىڭ دۈشمىنى.
108. ھاراق بېخىلنى مەرد قىلار،
يېشىلگەندە دەرد قىلار.
109. ھاراق بىلەن باغلانغان دوستلۇق ئۇزاققا بارماس.
110. ھاراق بىلەن دوستلاشقىنىڭ
سالامەتلىك بىلەن خوشلاشقىنىڭ.
111. ھاراق پادىشاھتۇر، مۇسەللەس ۋەزىر،
نەشە پاسكىنادۇر، بوزا بىنەزىر.
112. ھاراق چىقار باشقا،
تولدۇرار كۆزنى ياشقا.
113. ھاراق زورلامچىنىڭ،
تاماكا دورامچىنىڭ.
114. ھاراق زورى بىلەن،
گەپ پورى بىلەن.
115. ھاراق زىناغا يېقىن،
نەشە خۇمارغا (يېقىن).
116. ھاراققا دۇم چۈشسەڭ بەختىڭ قاچار،
پۇلغا دۇم چۈشسەڭ ئەقلىڭ قاچار.
117. ھاراقكەشتە گەپ تولا،
بەڭگىدە خىيال (تولا).
118. ھاراقكەشكە قەرز بەرمە.
119. ھاراقكەشكە يول تار كەلمەس،
يۈزسىزگە گەپ ئار كەلمەس.
120. ھاراقكەشنى قاراۋۇللۇققا قويساڭ، خەزىنەڭ ساق تۇرماس.
121. ھاراقكەشنىڭ دوستى يوق.

122. هاراقكەشنىڭ مەردلىكى مەست بولغاندا تۇتار.
123. هاراقكەش ئۆلپەت،
كەلتۈرەر كۆلپەت.
124. هاراق مەست قىلۇر،
ئىشىڭنى تەس قىلۇر.
125. هاراقنى تاشلاي دېسەڭ، مەستنىڭ قىلىقىنى كۆر.
126. هاراقنى جىق ئىچسە ئۆزىگە زىيان،
ئاچچىقى يامان بولسا ئۆزگىگە زىيان.
127. هاراقنىڭ باشلىنىشى خوش - خوش،
ئاخىرلىششى پوش - پوش.
128. هاراق ئوغا بولۇر،
جىق ئىچكەن مۇردا بولۇر.
129. هاراق ئىچتىڭمۇ مەست بولدۇڭ،
مەست بولدۇڭمۇ پەس بولدۇڭ.
130. هاراق ئىچكەن مەست،
خۇدىنى يوقاتقان نەس.
131. هاراق يولدىن ئازدۇرار،
ئۆزىگە گۆر قازدۇرار.
132. هاراقكەشكە هارىقى غەمگۇزار بوپتۇ،
بەڭگىگە تاماكىسى تەسەللى بوپتۇ.
133. هاۋايى - ھەۋەسكە بېرىلسەڭ،
ياۋايى پەسلىككە چۈشەرسەن.
134. هاۋايى - ھەۋەسنىڭ بېشى كۆل، ئايىغى چۆل.
135. هۇنەرنىڭ ئەكسى كەيپ،
قىلىدۇ تەننى زەئىپ.
136. ۋاپادىن ئامان قالغان،
هاراقتىن ۋەيران بوپتۇ.
137. ئوتۇننىڭ ئەكسى كەندىر شېخىيدان،
ئادەمنىڭ ئەكسى بەڭگى يېغىيدان.
138. ئوغلۇڭنى مەيدىن قاچۇر،
تېمىڭنى زەيدىن (قاچۇر).
139. ئۇمۇ مەست، بۇمۇ مەست،
مەستنىڭ «خەير - خوش»ى توگىمەس.
140. ئۆتكەن ئىشنى تەرگىمەك بەڭگىنىڭ ئىشى.
141. ئۆچكىنىڭ مويى توگىمەس،
بەڭگىنىڭ خۇيى (توگىمەس).
142. ئۆچكىنىڭ مويى توگىمەس،
بەڭگىنىڭ ئويى (توگىمەس).
143. ئېرى بەڭگى ئاتاق،
ئايالى يەڭگە ئاتاق.
144. ئىت سۆڭەك يېسە كېڭىشەر،
بەڭگى قېرىسا ئالدىغا ئېڭىشەر.
145. ئىت ئۆلۈكىنى قوش يەيدۇ،
جېدەلخور مەست مۇشت (يەيدۇ).
146. ئىچتىڭ مەست بولدۇڭ،
بارچىدىن پەس بولدۇڭ.
147. ئىچتىم شاراب،
بولدۇم خاراب.
148. ئىچتىم ئۈزۈم شەربىتىنى،
تۆكتۈم يۈزۈم ئىززىتىنى.
149. ئىچىملىك بالا ئەمەس،
ئىچىملىككە بېرىلىش بالا.
150. ئىچىملىك كىشىنى ئەقلىدىن ئازدۇرىدۇ.
151. ياخشىغا مەشۇت يېپىشار،
يامانغا نەشە (يېپىشار).
152. يولدا ماڭار ئىككى مەست،
نەگە بارار، نەگەمەست.

## ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق ۋە قاتىللىق توغرىسىدىكى ماقال - تەمسىللەر

1. ئابدال سەمرىمەس،
ئوغرى بېيىماس.
2. ئاتىنىڭ ئورۇۋسى يامان،
خوتۇن كىشىنىڭ ئوغرىسى يامان.
3. ئاچ قالغاندا ئاش تاللاش يوق،
ئوغرىغا پۇل تاللاش يوق.
4. ئادەمنىڭ يامىنى ماراقچى،
ئوغرىنىڭ يامىنى قاراقچى.
5. ئادەم ئۆلتۈرگەن ئادەم قولىدا ئۆلەر.
6. ئاسماندىكى ئايغا ئوغرىنىڭ ئاچچىقى بار.
7. ئاسماندىكى ئايغا ئوغرىنىڭ پىكرى بار.

8. ئاشنى تۆگەتكەن قوشۇق،
پۇلنى تۆگەتكەن ئوشۇق.

9. ئاغزى يۇمشاق، قولى ئەگرىدىن
قەلبى تۈزۈك دوك ياخشى.

10. ئالدىرغاندا مىڭ گۇمان،
ئالغاندا بىر گۇمان.

11. ئالدىنى ئوغرى ئالار،
كەينىنى پالچى ئالار.

12. ئالغانمۇ ئوغرى، كۆرگەنمۇ ئوغرى.

13. ئالغۇچى بىر قارا،
يىتتۈرگىنى مىڭ قارا.

14. ئاي يورۇقى ئوغرىغا ياقماس.

15. ئەرنىڭ ئەسكىسى قاراقچى،
قوشنىنىڭ ئەسكىسى ماراقچى.

16. ئەسكىلىك قىلاي دېسە، ئېشەك تېزىكى دالدا بولار.

17. ئەل تويغا بارسا،
يامان قويغا بارار.

18. باشتا ئۈتقان كۆل ئۈتار،
كېيىن ئۈتقان پۇل ئۈتار.

19. بالدۇر پىشقان مېۋە ئوغرىنىڭ گېلىنى غىدىقلار.

20. باي ــ دەريا،
ئوغرى ــ قوشۇق.

21. بەرسە قولدىن ئاپتۇ،
بەرمىسە يولدىن (ئاپتۇ).

22. بەڭگى قەلەندەر كېلۇر،
ئوغرى قىمارۋاز (كېلۇر).

23. بەڭگى قەلەندەر،
ئوغرى قىمارۋاز.

24. بۇلاڭچى ئالا نىيەت،
قاراقچى قارا نىيەت.

25. بۇلاڭچى بۇلاپ يەيدۇ،
ئالدامچى سوراپ (يەيدۇ).

26. بۇلاڭچىنىڭ نەپسى تويماس،
قاراقچىنىڭ قارنى تويماس.

27. بۇ يەردە ئوغرى يوق،
ھېلى قويغان ھېلى يوق.

28. بۆرىسى يوق جاڭگال بولماس،
ئوغرىسى يوق يۇرت بولماس.

29. بېشى يوق شەھەر بولماس،
ئوغرىسى يوق يۇرت بولماس.

30. بىر ئوغرىنىڭ رەھمى يوق،
بىر ئۆلۈمنىڭ رەھمى يوق.

31. تاز خۇدۇكچى،
ئوغرى گۇمانخور.

32. تاۋاقتا قوشۇق كېرەك،
تاۋكاغا ئوشۇق (كېرەك).

33. توخۇنى ئوغرىلىغانمۇ ئوغرى،
تۇخۇمنى يېگەنمۇ ئوغرى.

34. توغرى بولساڭ گۈل بولىسەن،
ئەگرى بولساڭ كۆل بولىسەن.

35. توغرى ئېشىنى يەر،
ئوغرى بېشىنى يەر.

36. توغرىلىق تۆرگە باشلار،
ئوغرىلىق گۆرگە (باشلار).

37. توقۇمنى ئوغرىلىغان تۆگىنىمۇ ئوغرىلار.

38. تۆگە ئوغرىلىغانمۇ ئوغرى،
تۆگمە ئوغرىلىغانمۇ ئوغرى.

39. تۆگە ئوغرىلىغانمۇ ئوغرى،
يىڭنە ئوغرىلىغانمۇ ئوغرى.

40. جەلىگۇر قىستا ـ قىستاڭنى مارايدۇ،
قاتىل يالغۇز چىققاننى مارايدۇ.

41. جېدەلخور تېرىككەك كېلۇر،
زىناخور زېرىككەك كېلۇر.

42. چۆپىنى يېگەنمۇ ئوغرى،
سۆيىنى ئىچكەنمۇ ئوغرى.

43. داچەن ئويىنا تاۋكادا،
پۇلنى خەجلە ھېيتگاھدا.

44. دەردمەننىڭ دەردى تولا،

قىمارۋازنىڭ قەرزى (تولا).

45. دەريا بويىدا ئوغرى يوق،
ھېلى قويغان ھېلى يوق.

46. دۇدۇق سۆزگە يارىماپتۇ،
ئوغرى كۆزەتكە (يارىماپتۇ).

47. زىناخورلۇق يەرگە قارىتار.

48. زىنا قىلاي دېسە، ئېشەك تېزىكى دالدا بولۇر.

49. شۆھرەتپەرەس پوچى كېلۇر،
شەھۋەتپەرەس نوچى (كېلۇر).

50. غەر غەرەزچى كېلەر،
ئوغرى ئاسماقچى (كېلەر).

51. قاتىل جۆيلۈپ ياتالماس.

52. قاتىلدىن ئىمان كەپتۇ،
پالتىدىن زۇۋان (كەپتۇ).

53. قاتىل تۇتساڭ جەسىتى بىلەن تۇت،
ئوغرى تۇتساڭ مېلى بىلەن تۇت.

54. قاچقان ئوغرىنى مۆككەن ئوغرى تۇتۇپتۇ.

55. قاراقچى خالىي يەردە ئالار،
يانچۇقچى توپ ئىچىدە ئالار.

56. قاراقچى قاراڭغۇغا ئامراق،
چىلبۆرە يامغۇرلۇق كېچىگە.

57. قاراقچىنى ماراقچى بابلاپتۇ،
ماراقچىنى يالاقچى (بابلاپتۇ).

58. قاراڭغۇ يوللارنى قاتىللار بىلەر.

59. قاراڭغۇ يولنى قاراقچى بىلەر.

60. قازاندىكى ئاشنى قوشۇق تۈگىتەر،
قىمارۋازنىڭ پۇلىنى ئوشۇق تۈگىتەر.

61. قەرزدار پۇلغا قەرزدار،
قاتىل جانغا قەرزدار.

62. قەلەندەر بولساڭمۇ، ئوغرى بولما.

63. قەيەردە كۆپ غۇلغۇلا،
شۇ يەردە ئوغرى تولا.

64. قورققان ئوغرى مۇشت تەڭلەپتۇ.

65. قوغۇنغا ئوغرى كەلسە، خام - پىششىقىنى ئىلغىماس.

66. قوغۇن ئوغرىلىغاننىڭ قولىنى كەس،
شاپتۇل ئوغرىلىغاننىڭ كۆتىگە تەپ.

67. قولى ئەگرىنىڭ كۆنى ئەگرى.

68. قوينۇم ئوغرى — قونچۇم ئوغرى.

69. قوي ئوغرىسىنىڭ كۆپى قاساپ.

70. قۇرۇق ئابرۇي ئادەمنى ئوغرى قىلار.

71. قېرىغا نان پايدا قىلماس،
ئوغرىغا ئانت پايدا قىلماس.

72. قىمار سورۇنىدا يۈز - خاتىر بولماس.

73. قىمارۋاز ئاتىسىغىمۇ يول بەرمەس.

74. قىمارۋاز بۇلۇڭ ئىزدەيدۇ،
بالىلىرى كولۇڭ ئىزدەيدۇ.

75. قىمارۋازنىڭ ئالچىسى تولا،
پوستەكچىنىڭ خالتىسى (تولا).

76. قىمارۋازنىڭ پۇلى — ئوچاقنىڭ كۈلى.

77. قىمارۋازنىڭ قەرزى تولا،
ھۇرۇننىڭ دەردى (تولا).

78. قىمارۋازنىڭ كۆزىنىڭ قارىقى كەينىدە.

79. قىمارۋاز ئۇتۇۋالغان كۈنى خوتۇنى گۆشكە تويۇپتۇ،
قىمارۋاز ئۇتتۇرغان كۈنى خوتۇنى مۇشتقا تويۇپتۇ.

80. قىمارۋاز ئىلگىرى كەلمەس،
يېگىنى تېنىگە سىڭمەس.

81. قىمار ئويۇنىغۇچە، قاتار ئوينا.

82. كانتۇ كۇپكە قارار،
مانتىچى كۆپكە (قارار).

83. كەپتەرۋاز تۇتسام دەيدۇ،
قىمارۋاز ئۇتسام دەيدۇ.

84. كەپتەرۋاز تۇتۇۋالغانغا خۇش،
قىمارۋاز ئۇتۇۋالغانغا (خۇش).

85. كەپتەرۋاز ھاۋاقتى كېلەر،
قىمارۋاز يەر باقتى كېلەر.

86. كەشمىنى ئالغان بىر كىشى،
گۇمان قىلغىنىم مىڭ كىشى.

87. كۆرسە ئويۇن، كۆرمىسە قويۇن.
88. كۆڭلى ئالدىن پىسە ياخشى،
ئوغرىلاپ يېگەندىن نېسى ياخشى.
89. كېسەل بىلەن ئۇرۇشساڭ جېنىڭنى ئالار،
ئوغرى بىلەن ئۇرۇشساڭ پۇلۇڭنى ئالار.
90. كېۋەزلىككە كالا كىرسە باپكارنىڭ بۇرنىنى كەس،
پاختىلىققا ئوغرى كىرسە ئاتقۇچىنىڭ پوردىقىنى كەس.
91. گاس گۇمانخور كېلەر،
ئوغرى قەسەمخور كېلەر.
92. لولى قولدىن ئالىدۇ،
ئوغرى يولدىن (ئالىدۇ).
93. مال ئىگىسىدىن ئوغرى تەيلىك .
94. مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك.
95. موزاينى ئوغرىلىغان ئۆكۈزنىمۇ ئوغرىلايدۇ.
96. موللا تەمەخور كېلىدۇ،
ئوغرى گۇمانخور (كېلىدۇ).
97. موللا مال ئېتەر،
ئوغرى يوق ئېتەر.
98. موللىنىڭ يامىنى ۋاراقچى،
ئوغرىنىڭ يامىنى قاراقچى.
99. ناتوغرا ئىشتىن چېكىنمىگۈچە، قىلىچ خەۋپى يىراق ئەمەس.
100. نىيىتى يامان ئۆگەيگە بارار،
قىلىقى يامان لوگەيگە (بارار).
101. هاراقكەشنىڭ دوستى يوق.
102. هاسان ئوغرى، مۇسا ئوغرى بىر ئىكەن.
103. هەسەتخورنىڭ كۆزى ئۆزگىدە،
ئوغرىنىڭ كۆزى ئۆگزىدە.
104. ئورۇق ئاتنىڭ يورغىسىدىن خوتۇن كىشىنىڭ ئوغرىسى يامان.
105. ئوغرى ئاسماقچى كېلەر،
غالچا غەيۋەتچى (كېلەر).
106. ئوغرى ئالغان مالغا ئىگىسى سەۋەبكار.
107. ئوغرى ئايدىڭدىن قورقىدۇ،
جالاپ شامالدىن قورقىدۇ.
108. ئوغرى بولساڭ، ئىنساب بىلەن بول،
تاۋۇقنى ئال، قوشۇقىنى قوي.
109. ئوغرى بولساڭ، ئىنساب بىلەن بول،
قازاننى ئالساڭ، تۇۋۇقىنى قوي.
110. ئوغرى بولساڭ، ئىنساب بىلەن بول،
قازاننى ئالساڭ، چۆمۈچىنى قوي.
111. ئوغرى بولغۇچە، دىۋانە بول.
112. ئوغرى بېيىماس،
تەمەخور تويماس.
113. ئوغرى بېيىماس،
جاغدا قېرىماس.
114. ئوغرى بىر پۇل ئۈچۈن جان بېرىدۇ.
115. ئوغرى بىر گۇماندا،
مال ئىگىسى مىڭ گۇماندا.
116. ئوغرى بىلەن ئوغرى قاراڭغۇدا تېپىشار.
117. ئوغرى بىلەن يولداش بولما،
خوتۇن بىلەن سىرداش بولما.
118. ئوغرى تارچۇقتا سانايدۇ،
جەلىگۈر يانچۇقتا (سانايدۇ).
119. ئوغرى توۋا قىلسا كۆڭلى ئۇنىماس.
120. ئوغرى تويغۇچە يەيدۇ،
ئۆلگۈچە قارغىش ئالىدۇ.
121. ئوغرى تۇتساڭ، چوڭىنى تۇت.
122. ئوغرى تۇتقىن تۇماندا،
ئۆلۈپ كەتمە گۇماندا.
123. ئوغرى تۇتۇلار،
قىمارۋاز قۇتۇلار.
124. ئوغرى تۇتۇلار،
قىمارۋاز ئۇتۇلار.
125. ئوغرى تۇتۇلسا، يەرگە قارايدۇ،
جالاپ تۇتۇلسا، كۆككە (قارايدۇ).
126. ئوغرى تۇمانغا ئامراق،
ئىچى تار گۇمانغا (ئامراق).

127. ئوغرى تۇمان ئىزدەر،
ئىچى تار گۇمان (ئىزدەر).
128. ئوغرى تۇۋا قىلسا كۆڭلى ئۇنىماپتۇ.
129. ئوغرى تۈن يېرىمدە،
پىتنىخور كۈپكۈندۈزدە.
130. ئوغرى تۈن يېرىمدە،
قاراقچى كۈپكۈندۈزدە.
131. ئوغرىتىكەن ياياقتا ھەقىقەتنى چۈشەندۈرىدۇ.
132. ئوغرىدا ئىمان يوق،
ئايازدا چىمەن يوق.
133. ئوغرى دەۋاننىڭ ئۆرۈقى،
چېچەن دەۋاننىڭ قۇيرۇقى.
134. ئوغرىدىن ۋاپا كۈتمە،
ئوغىدىن شىپا كۈتمە.
135. ئوغرى ساقچىدىن قورقىدۇ،
جىن باخشىدىن قورقىدۇ.
136. ئوغرىسى يوق يۇرت بولماس،
بۆرىسى يوق جاڭگال بولماس.
137. ئوغرى شېرىكىدىن قورقۇپتۇ.
138. ئوغرىغا مال كەممۇ؟
139. ئوغرىغا مال كەم ئەمەس.
140. ئوغرىغا يول كۆرسەتمەڭ،
تۆگىگە سۇلاق (كۆرسەتمەڭ).
141. ئوغرىغا يول توشۇمايدۇ،
قىمارغا پۇل (توشۇمايدۇ).
142. ئوغرىغا يولۇقساڭ مېلىڭنى ئالار،
كېسەلگە يولۇقساڭ جېنىڭنى (ئالار).
143. ئوغرى قاچقۇندا ئۆلەر،
ساراڭ چاپقۇندا (ئۆلەر).
144. ئوغرى قورقسا ناخشا ئېيتار.
145. ئوغرى قېرىسا سوپى بولار
جالاپ قېرىسا بۈۋى (بولار).
146. ئوغرى ــ قىمارۋاز،
بەڭگى ــ قەلەندەر.
147. ئوغرى كۆزىدىن بىلىنەر،
توغرا سۆزىدىن (بىلىنەر).
148. ئوغرى كۆڭ ئاشقۇچە،
بۆرە قىر ئاشقۇچە.
149. ئوغرى كىرەر جايىنى ئەمەس، قاچار جايىنى كۆزلەر.
150. ئوغرى كىرسە مەلەڭگە،
ئامانلىق يوق ھەممەڭگە.
151. ئوغرى گۇمانخور،
جالاپ تەمەخور.
152. ئوغرى گۇمانخور،
جالاپ زىناخور.
153. ئوغرى گۇمانخور،
زالىم توقماقچى.
154. ئوغرى گۇمانخور،
قازى تەمەخور.
155. ئوغرى گۇمانخور كېلۇر،
تاز مۇتىھەم (كېلۇر).
156. ئوغرىلاپ كەلگەن ناغرىنى چالغىلى بولماس.
157. ئوغرىلاپ يېگەندىن، تىلەپ يېگەن ياخشى.
158. ئوغرىلانغان مال بىر، گۇمان مىڭ.
159. ئوغرىلانغان مال ئورىدا چىرىپتۇ.
160. ئوغرىلىغان پۇلنى ئوغرى ئالۇر.
161. ئوغرىلىغان ناغرىنى چالغىلى بولماس.
162. ئوغرىلىق ــ ئاقىۋەت خورلۇق.
163. ئوغرىلىق بىر تال يىڭنىدىن باشلىنىدۇ.
164. ئوغرىلىق پەسنىڭ ئىشى،
زىناخورلۇق نەسنىڭ ئىشى.
165. ئوغرىلىق تۈن يېرىمدە،
ئىغۋا گەپ كۈپكۈندۈزدە.
166. ئوغرىلىق قىلماڭ تۇتۇۋالىدۇ،
قىمار ئوينىماڭ ئۇتۇۋالىدۇ.
167. ئوغرىلىق قىلساڭ يالغۇز قىل،
ئىككى بولساڭ، بىرىڭ ئايغاقچىلىق قىل.
168. ئوغرىلىق قىلسام، تۇتۇۋالىدۇ،
قىمار ئوينىسام، ئۇتۇۋالىدۇ.

169. ئوغرىلىق قىلغان يەرگە قارايدۇ.
170. ئوغرىلىق كۆزدىن باشلىنار،
توغرىلىق سۆزدىن (باشلىنار).
171. ئوغرىلىماق ئاسان،
سىڭدۈرمەك تەس.
172. ئوغرى مال تاپالمىسا، ئاتىسىنىڭ ئىشتىنىنى ئوغرىلار.
173. ئوغرى مال كويىدا،
قوشناچىم گال (كويىدا).
174. ئوغرى مال ئوغرىلايدۇ،
قاراقچى جان (ئوغرىلايدۇ).
175. ئوغرى «مەن توغرا» دەپتۇ.
176. ئوغرىنى تۇتاي دېسەڭ، چىراغنى ئۆچۈر.
177. ئوغرىنى تۇتساڭ مېلى بىلەن،
زىناخورنى تۇتساڭ جۈپتى بىلەن.
178. ئوغرىنى قاراقچى بابلايدۇ، سالنى پالاقچى.
179. ئوغرىنى قاراقچى سوقۇپتۇ.
180. ئوغرىنى قاراقچى ئۇرۇپتۇ.
181. ئوغرىنى كۆزىدىن سىنا،
نامەردنى سۆزىدىن (سىنا).
182. ئوغرىنىڭ ئالدىدا پۇل ـ مېلىڭنى ماختىما.
183. ئوغرىنىڭ بالىسى كاسىپ،
موللىنىڭ بالىسى ئوغرى.
184. ئوغرىنىڭ بالىسى ۋەيران بولىدۇ.
185. ئوغرىنىڭ بېشىدا ئوت كۆيەر.
186. ئوغرىنىڭ بىر يۈزى قارا،
مال ئىگىسىنىڭ ئىككى يۈزى قارا.
187. ئوغرىنىڭ تاپىنى يۇمشاق، باغرى قاتتىق.
188. ئوغرىنىڭ خۇيى تۇتسا، تەلپىكىنى تونۇرغا تاشلاپ دۇتخانىدىن تارتار.
189. ئوغرىنىڭ دوستى يانچۇقچى.
190. ئوغرىنىڭ دۈشمىنى ئاي،
پۇتنىڭ دۈشمىنى لاي.
191. ئوغرىنىڭ شېرىكى يانچۇقچى بولار.
192. ئوغرىنىڭ قولى ئۇزۇن،
ھورۇننىڭ قولىقى (ئۇزۇن).
193. ئوغرىنىڭ كۆزى كېچىسى كۆرەر.
194. ئوغرىنىڭ كۆزىگە كۈندۈزمۇ كېچە.
195. ئوغرىنىڭ كۆڭۈل ئارامى يوق،
ئۇنىڭغا مالىنىڭ ھالال ـ ھارامى يوق.
196. ئوغرىنىڭ كىرمىكى ئاسان، چىقمىقى تەس.
197. ئوغرىنىڭ ئۆيىگە ئوغرى كىرسە كىشى ئىشەنمەس.
198. ئوغرىنىڭ ئېتى يوق.
199. ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك ـ پوك.
200. ئوغرىنى ئوغرى تاپار.
201. ئوغرىنى ئوغرى دېسە ئۆلگۈسى كېلەر،
ساقنى ئوغرى دېسە كۈلگۈسى كېلەر.
202. ئوغرىنى ئوغرى قىلمىسا،
ئۇ سېنى ئوغرى قىلىدۇ.
203. ئوغرىنى ئىزدەپ تۇت،
سۇنى يۇگرەپ (تۇت).
204. ئوغرىمۇ تۇۋلايدۇ،
ئۆي ئىگىسىمۇ تۇۋلايدۇ.
205. ئوغرىنى ئوغرى دېسە ئۆلگۈسى كېلۇر،
ساقنى ئوغرى دېسە كۈلگۈسى كېلۇر.
206. ئوغرى ئوغرى بىلەن تۇتۇلار.
207. ئوغرى ئوغرى بىلەن قاراڭغۇدا تېپىشار.
208. ئوغرى ئوغرىلاشقا بىر نەرسە تاپالمىسا ئۆزىنىڭ بۆكىنى ئوغرىلار.
209. ئوغرى ئوغرىلىغىلى بىر نەرسە تاپالمىسا، قوڭى توپا چىشلەپ قوپار.
210. ئوغرى ئوغرىلىقنى قىلمىسا، كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەس.
211. ئوغرى «ئوغرىنى تۇت» دەپ ۋارقىراپتۇ.
212. ئوغرى ئوق يەيدۇ،
باللىرى پوق (يەيدۇ).
213. ئوغرى ئۇيالماس،
ئوغرىنى تۇتقان ئۇيىلار.
214. ئوغرى ئۆز پۇلىنى يەر.

215. ئوغرى ئۆز گۆشىنى ئۆزى يەيدۇ.
216. ئوغرى ئۆلگۈچە «مەن ئاق» دەپ تۇرار.
217. ئوغرى يەرگە قارايدۇ،
پاھىشىۋاز كۆزگە (قارايدۇ).
218. ئوغرى يولدا قويار،
قاراقچى چۆلدە (قويار).
219. ئۇتتۇرغان دو ئاتىدۇ،
ئەخمەق پو (ئاتىدۇ).
220. ئۆلمىسە بولىدۇ تىرىك،
ئوغرىغا جالاپ شېرىك.
221. ئېتىنى ئۇتتۇرۇپ يايداق قالدى،
خوتۇنىنى ئۇتتۇرۇپ بويتاق قالدى.
222. ئىتنىڭ قاۋىشىدىن ئوغرى بىزار بوپتۇ.
223. يات كىشىگە سىر بەرمە،
قىمارۋازغا پۇل بەرمە.
224. ياخشىلىق قىلىپ سۇدا ئېقىت،
يامانلىق قىلىپ قوينۇڭغا سال.
225. يارىنىڭ باشلىنىشى دانىخورەك،
ئوغرىلىقنىڭ باشلىنىشى سويما ـ خەمەك.
226. يالغانچى يالجىماس،
ئوغرى بېيىماس.
227. يامان ئوغرى پاخال ئوغرىلار.
228. يۇرتقا پاتمىغان ئوغرى گۆرىگە پاتار.
229. يۇرت نامرات بولسا ئوغرى كۆپىيەر.
230. يېغىنى رەڭ باسىدۇ،
ئوغرىنى پوپوزا (باسىدۇ).
231. يېغىنى يان باسىدۇ،
ئوغرىنى تام (باسىدۇ).

(ئاپتورى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماركسىزم فا-
كۇلتېتىدا)

# ئۈچ يۈز تەڭگە

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: دىلئارام باھاۋىدىن

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر سودىگەر بولغانىكەن، ئۇنىڭ بىرلا ئوغلى بار ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ سودىگەرگە قېرىلىق يېتىپ، ئەجىلى توشۇپ، ئۇ دۇنياغا سەپەر قىپتۇ. ئۇنىڭ پۈتۈن مال - دۇنياسى يالغۇز ئوغلىغا قاپتۇ. يىگىت ئاتىسىنىڭ مال - دۇنياسىنى قىلچە ئايىماي، بەڭباشلىق قىلىپ، ئاغىنىلىرى بىلەن ئويناپ - كۈلۈپ، ياخشى يەپ - ياخشى ئىچىپ، بىردەمدىلا كۆككە سورۇپتۇ. مال - دۇنيالىرى تۈگىشى بىلەن ئۇنىڭ ئاغىنىلىرىمۇ ئۆزىنى قاچۇرۇشقا باشلاپتۇ. بۇ ئىش يىگىتكە قاتتىق تەسىر قىپتۇ. «مال - دۇنيايىم تۈگىشى بىلەن ئاغىنىلىرىممۇ مەندىن يىراقلاشتى، ئەمدى بۇ يەردە تارتىشقۇدەك ھېچنېمەم قالمىدى، مۇنداق يۇرگىنىمدىن يوقالغىنىم ياخشى» دەپ ئويلاپتۇ يىگىت. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز يۇرتىدىن بېشىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

يىگىت يول يۈرۈپتۇ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ. ئاخىر يىراق بىر يۇرتقا كېلىپ، بىر مەسچىتنىڭ ياتىقىغا جايلىشىپتۇ. كۆزى كور بىر قارىي بۇ مەسچىتنىڭ مۆتىۋەرى ئىكەن. يىگىت قارىي بىلەن بىردەم سۆھبەتلىشىپتۇ. قارىي يىگىتنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلاپ بىلگەندىن كېيىن، ئۇنى قاراۋۇللۇققا قويماقچى بوپتۇ، كېيىن يەنە مۇنداق دەپتۇ:

— ئاۋۋال ئۆيدە ماڭا ئىشلىرىمنى قىلىشىپ بەرگىن، خەلقتىن نېمە چۈشسە تەڭ بۆلۈشىمىز.

يىگىت ماقۇل بوپتۇ. ئۇلار بىر مەزگىلگىچە شۇنداق ياخشى ئۆتۈپتۇ.

قارىينىڭ يۈز تەڭگە پۇلى بار ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئۆيدە يالغۇز قالغاندا، كارىۋىتىدا ئولتۇرۇپ يېتىپ، تەڭگىلىرىنى خالتىسى بىلەن ئاسمانغا ئېتىپ:

— ئەي تەڭگىلىرىم، قولۇمغا چۈشۈڭلار، — دەپتۇ. تەڭگىلىرى كېلىپ قولىغا چۈشۈپتۇ. ئۇ تەڭگىلەرنى يەنە ئاسمانغا ئېتىپ شۇنداق تەكرارلاپتۇ، شۇ ئەسنادا ئۆيگە كىرىپ قالغان يىگىت بۇ سىرنى بىلىپ قاپتۇ - دە، پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ تۈيدۇرماي قارىينىڭ يېنىغا كەپتۇ. قارىي تەڭگىلەرنى يەنە ئاسمانغا ئېتىپتىكەن، يىگىت بىلىندۈرمەي تۇتۇۋاپتۇ. بۇ قېتىم قارىي قايتا - قايتا «ئەي تەڭگىلىرىم، قولۇمغا چۈشۈڭلار» دېسىمۇ تەڭگىلىرى قايتىپ چۈشمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قارىي داد - پەرياد سېلىشقا باشلاپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قوشنا قارىي دەرھال كىرىپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراپتۇ. بۇ قارىينىڭمۇ كۆزى كور ئىكەن.

— بىر خالتىدا يۈز تەڭگەم بار ئىدى، ھەر قېتىم ئاسمانغا ئاتسام قايتىپ كېلىپ قولۇمغا چۈشەتتى. نېمە بولدىكىن، بۈگۈن ئاسمانغا ئاتسام قايتىپ چۈشمىدى، — دەپتۇ قارىي.

— سىز نېمانچە ئەخمەق، — دەپتۇ قوشنا قارىي، — مانا، مېنىڭمۇ يۈز تەڭگەم بار، تەڭگە سالغان خالتامنى دائىم كۆڭلىكىمنىڭ ئىچىگە سېلىۋالىمەن، بۇنى مەندىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ.

— قېنى تەڭگىلىرىڭىزنى تۇتۇپ باقايچۇ، — دەپتۇ قارىي. قوشنا قارىي ماقۇل بولۇپ، تەڭگە سالغان خالتىنى ئۇنىڭغا بېرىپتۇ. قارىي تەڭگىلەرنى قولىغا ئېلىپ تۇتۇپ بېقىپ:

— بۇ تەڭگىلەرنىڭ ئېغىرلىقى مېنىڭ ئاشۇ تەڭگىلىرىم بىلەن ئوخشاش ئىكەن، بوپتۇ، تەڭگىلىرىڭىزنى ئېلىڭ، ئىشلىتىشكە نېسىپ قىلسۇن، — دەپتۇ ۋە خالتىنى قوشنا قارىيغا سۇنۇپتۇ. بىراق، بۇ خالتىنىمۇ يىگىت ئېلىۋاپتۇ.

— خالتامنى بەرمەمسىز؟ — دەپتۇ قوشنا قارىي بىرئاز كۈتكەندىن كېيىن.

— خالتىڭىزنى ھازىر بەردىمغۇ؟ — دەپتۇ بىرىنچى قارىي. شۇنىڭ بىلەن ئىككى قارىي ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش - جېدەل باشلىنىپتۇ. ئاچچىقىنى باسالمىغان ئىككىنچى قارىي ئورنىدىن تۇرۇپ بىرىنچى قارىينى ئۇرۇشقا باشلاپتۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭىنى ئاڭلىغان ئۈچىنچى قارىيمۇ كىرىپتۇ، بۇ قارىينىڭمۇ كۆزى كۆرمەس ئىكەن. ئۇ ئىككىيلەننىڭ ئەرزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنداق دەپتۇ:

— ئىككىڭلار ئەخمەق ئىكەنسىلەر، مېنىڭمۇ يۈز تەڭگەم بار، ئۇنى ھەمىيىنىمغا سېلىپ، قويۇن يانچۇقۇمدا يوشۇرۇن ساقلايمەن، مەندىن باشقا ھېچكىم بۇنى بىلەلمەيدۇ.

— قېنى ئەمسە، ھەمىيىنىڭىزنى چىقىرىپ بېقىڭا، — دەپتۇ بىرىنچى قارىي. ئۈچىنچى قارىي ھەمىيىنىنى قويۇن يانچۇقىدىن چىقىرىپ ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپتۇ. بىرىنچى قارىي ھەمىيانىنى قولىغا ئېلىپ:

— بۇنىڭ ئېغىرلىقىمۇ مېنىڭ ھېلىقى يۈز تەڭگەم بىلەن ئوخشاش ئىكەن، — دەپتۇ. ئاندىن ھەمىيانىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولۇپ:

— ھەمىيىنىڭىزنى ئېلىڭ، — دەپ ھەمىيانىنى ئۈچىنچى قارىيغا سۇنۇپتىكەن، ئۇلارنىڭ يېنىدا تۇرغان يىگىت دەرھال قولىنى سوزۇپ ئۇنىمۇ ئېلىۋاپتۇ. ئۈچىنچى قارىي:

— ھەمىيىنىمنى بەر، — دەپ ۋارقىراپسا، بىرىنچى قارىي:

— ھازىر بەردىمغۇ، — دەپ ۋارقىراپتۇ. بىرىنچى قارىي راست قايتۇرۇپ بەرگەنلىكىنى دېگەندىن كېيىن، قارىيلار بۇ ئىشتىن ھەيران بولۇشۇپتۇ. ئۈچىنچى قارىي:

— ئەگەر راست قايتۇرۇپ بەرگەن بولسىڭىز ئارىمىزدا كۆزى ساق بىر ئادەم بار ئوخشايدۇ. مۇنداق قىلايلى، مەن ھازىر بىرىپ مەسچىتنىڭ ئىشىكىنى توسۇپ تۇرىمەن، ئىككىڭلار بىر - بىرلەپ كەينىمدىن چىقىڭلار، — دەپتۇ ۋە بېرىپ مەسچىتنىڭ ئىشىكىنى توسۇپ تۇرۇپتۇ.

بىرىنچى بولۇپ ئىشىكتىن يىگىت چىقىپتۇ. ئۇنىڭ كەينىدىن ئىككىنچى قارىي چىقىپتۇ. بىرىنچى قارىي ئەمدىلا چىقماقچى بولغانىكەن، ئۈچىنچى قارىي ئۇنى تۇتۇۋاپتۇ ۋە:

— تەڭگىلىرىمىزنى ئېلىۋالغان ئوغرى ئەسلى سەن ئىكەنسەن - دە؟ — دەپ، ئۇنى ئۆلگۈدەك دۇمبالاپتۇ.

يىگىتكە كەلسەك، ئۇ ئاشۇ ئۈچ يۈز تەڭگە بىلەن سودا قىلىشنى باشلاپتۇ، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ كۆپ پايدا ئېپىپ، تېزلا بېيىپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى ئۇ: «ئەمدى ھېلىقى قارىيلارنىڭ پۇلىنى قايتۇرۇپ بېرەي، باشقىلارنىڭ ھەققىگە خىيانەت قىلىش ياخشى ئىش ئەمەس» دەپ ئويلاپتۇ.

ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، يىگىت ئۈچ قارىينى ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا تەكلىپ قىپتۇ. بۇ قىش ۋاقتى بولۇپ، ھاۋا ئىنتايىن سوغۇق ئىكەن. قارىيلار كەپتۇ. يىگىت ئۇلارنى ئىززەت - ئىكراملار بىلەن قارشى ئېلىپ، ئۆيىنىڭ تۆرىگە باشلاپتۇ، ئېسىل ھەم مول نازۇ نېمەتلەر بىلەن ئۇلارنى مېھمان قىپتۇ. ئاندىن ھەربىرىگە بىر قۇردىن تون كىيدۇرۇپتۇ. ئاخىرىدا ھەربىرىنىڭ ئالدىغا يۈز تەڭگىدىن پۇل قويۇپتۇ ۋە ئۇلارغا ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپ، ھەربىرىدىن تۆۋەنچىلىك بىلەن كەچۈرۈم سوراپتۇ. قارىيلار يىگىتنى كەچۈرۈپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن خۇرسەن بوپتۇ.

— ئەمسە مەندىن رازى بولۇڭلار، — دەپتۇ يىگىت، — كەچ بولۇپ كەتتى، ئەگەر خالىساڭلار ئۆيۈمدە قونۇپ قېلىڭلار، خالىمىساڭلار سىلەرنى ئۇزىتىپ قويىمەن. ئىختىيار ئۆزۈڭلاردا.

— بىز قېرىلىق يەتكەن ئاجىز كىشىلەرمىز، بۇ كەچتە مېڭىپ يۈرمەي مۇشۇ يەردە قونۇپ

قالايلى، ئەتە ئەتىگەن قايتىپ كېتەيلى، — دېيىشىپتۇ قارىيلار ۋە يىگىتنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قاپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە يىگىت ئۇلارغا چاي ئېلىپ كىرىپ قارىسا، مەشتىكى ئوت ئاللىبۇرۇن ئۆچۈپ قالغان بولۇپ، قارىيلار سوغۇقتا دوگدىيىپ ياتقىنىچە ئۆلۈپ قالغانىمىش. «ئەمدى قانداق قىلارمەن؟ بۇلارنىڭ ئۆلۈشىگە مەن سەۋەبچى بولدۇم، ئەگەر بىرەرسى بىلىپ قالسا مېنى قارىيلارنى ئۆلتۈرۈپ پۇلىنى ئېلىۋاپتۇ، دەپ ئويلاپ قالىدۇ» دەپ ئويلاپتۇ يىگىت. ئۇ دەرھال مەدىكار بازىرىغا بېرىپ، بىر مەدىكارنى ئۈچ يۈز تەڭگىگە ياللاپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

— بىر ئاتام بار ئىدى، تۇيۇقسىز ئۆلۈپ قالدى، بۈگۈن كېچىدە ئۇنى ئاپىرىپ كۆمۈپ قويۇپ كەلگىن، لېكىن ئېھتىيات قىلغىن، ئاتام قېچىپ كەلمىسۇن، — دەپتۇ.

مەدىكار ماقۇل بوپتۇ. ئۇ قەبرىستانلىققا بېرىپ گۆرنى كولاپ تەييار قىلىپ، كېچە بولغاندا يىگىتنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. يىگىت بىرىنچى قارىينى كېپەنلەپ تەييار قىلىپ قويغانىكەن. مەدىكار ئۇنى ئېلىپ بېرىپ كۆمۈپ قويۇپتۇ ـ دە، ئىش ھەققىنى ئېلىش ئۈچۈن يىگىتنىڭ ئۆيىگە مېڭىپتۇ. مەدىكار كەلگۈچە يىگىت ئىككىنچى قارىينى كېپەنلەپ تەييارلاپ قويۇپتۇ. مەدىكار ئۆيگە كىرىپلا ئىش ھەققىنى تەلەپ قىپتۇ. يىگىت ئۇنىڭغا:

— ئاتام سەندىن بۇرۇن قايتىپ كېلىپ جايىدا ياتىدۇ، سەن ئۇنى قانداق كۆمدۈڭ؟ — دەپتۇ. مەدىكار قارىسا، مۇردا ھەقىقەتەن ئەسلىي جايىدا ياتقۇدەك. ئۇ يەنە مۇردىنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ مېڭىپتۇ. ئۇ بۇ قېتىم تېخىمۇ چوڭقۇر گۆردىن بىرنى كولاپ، ئىككىنچى قارىينى كۆمۈپ، ئۈستىگە ئېغىر تاشتىن نەچچىنى باستۇرۇپ قويۇپتۇ. ئۇ يىراقتىن بىردەم كۆزىتىپ تۇرغاندىن كېيىن، يىگىتنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. يىگىت ئۈچىنچى قارىينى كېپەنلەپ تەييار قىلىپ قويغانىكەن. مەدىكار كىرىشى بىلەنلا يىگىت ئىنتايىن خاپا بولغان ھالدا:

— سەن زادى قانداق كۆمۈۋاتىسەن؟ ئاتام يەنە سەندىن بۇرۇن قايتىپ كەلدى. بۇ قېتىم گۆرنى ئۇ چىقالمىغۇدەك دەرىجىدە چوڭقۇر كولاپ، ياخشىراق كۆمۈپ كەل، بولمىسا ئىش ھەققىڭنى بەرمەيمەن، — دەپتۇ.

مەدىكار يەنە مۇردىنى كۆتۈرۈپ مېڭىپتۇ. ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ: «بۇنى ئىككى قېتىم كۆمۈپ قويسام قېچىپ كەپتۇ، بۇ قېتىم يەنە قېچىپ كەلسە كېچىچە قىلغان ئەمگىكىم نۆلگە تەڭ بولىدۇ» دەپ ئويلاپ، پالتىدىن بىرنى تېپىپ مۇردىنىڭ پۇتلىرىنى چېپىپتۇ ۋە «ئەمدى قېچىپ كەلگىنىڭنى بىر كۆرەي» دەپتۇ. ئۇ كېتىۋېتىپ يەنە ئويلاپ قاپتۇ «بۇنى كۆمسەم بەرىبىر يەنە قېچىپ كېلىدىكەن، باشقا بىرەر ئامال بارمىدۇ؟» ئۇ مۇشۇنداق خىياللارنى قىلىپ بولغۇچە، تاڭمۇ يورۇپ كېتىپتۇ. ئۇ ئەتراپقا قارىسا، بىر مەسچىتتىن تۈتۈن چىقىۋاتقانىكەن. مەدىكار مەسچىتنىڭ يېنىغا بېرىپ، مۇردىنى تامغا ئارتىپ قويۇپ كىرىپ قارىسا ئوت كۆيۈۋاتقانىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ مۇردىنى ئاۋۋال كۆيدۈرۈپ، ئاندىن ئاپىرىپ كۆممەكچى بوپتۇ ۋە مەسچىتنىڭ مورىسىدىن مۇردىنى ئوتقا تاشلاپتۇ. مەسچىت ئىچىدە ئاپئاق تونلارنى كىيىپ، نامىزىنى باشلاي دەپ تۇرغان مەسچىتنىڭ ئىمامى مورىدىن چۈشكەن مۇردىنى كۆرۈپ، قورققىنىدىن لاغىلداپ تىترىگىنىچە تاشقىرىغا قاراپ ئۆزىنى ئېتىپتۇ. سىرتتا قاراپ تۇرغان مەدىكار يىگىت قېچىپ چىققان ئىمامنى كۆرۈپ: «بۇ مۇردا يەنە تىرىلىپ قېچىپ چىقىپتۇ» دەپ ئويلاپ، تامغا تىرەكلىك بىر كەتمەننى قولىغا ئاپتۇ. ئۇ:

— ھەي لەنىتى، كېچىدىن بېرى مېنى شۇنچىلىك جاپاغا قويۇپ تازا قىينىدىڭ، يەنە نەگە قاچىسەن؟ — دەپ ۋارقىراپ، ئىمامنىڭ بېشىغا ئۇرماقچى بولغانىكەن، تېخىمۇ قورقۇپ كەتكەن ئىمام جېنىنىڭ بارىچە قېچىپ، بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بوپتۇ. كېچىچە چارچاپ ھالىدىن كەتكەن مەدىكارنىڭ ئۇنى قوغلاشقا ماجالى يەتمەپتۇ. شۇنىڭ

بىلەن ئۈچ يۈز تەڭگىنىڭ مەرىدىن كېچىپ ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۈچ يۈز تەڭگە يەنىلا يىگىتنىڭ قولىدا قاپتۇ.

(1990 ـ يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «جاھىل قۇش» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى)

(ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە)

# ئەزىمەت بىلەن پاقا

(چۆچەك)

توپلاپ رەتلىگۈچى: تۇرسۇن تىرىك

بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا، يىراق بىر يۇرتتا ئەزىمەت ئىسىملىك بىر بالا ياشىغانىكەن. بالىنىڭ دادىسى بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەچكە، ئانىسى باشقا بىرئەرگە ياتلىق بولغانىكەن. ئۆگەي دادىسى ئەزىمەتنى بەكمۇ يامان كۆرىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەزىمەت ئېتىزدا مال بېقىۋېتىپ، ئۆلەر هالغا چۈشۈپ قالغان بىر پاقىنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، ئۇنى ئۆيگە ئېلىپ كەپتۇ ھەمدە ئاش ـ نان بېرىپ بېقىشقا باشلاپتۇ. لېكىن، بۇ ئىشنى ئانىسى بىلەن ئۆگەي دادىسىغا بىلدۈرمەپتۇ.

ئەزىمەتنىڭ ياخشى بېقىشى بىلەن پاقا كۈندىن ـ كۈنگە سەمرىپ يوغىناپتۇ. ئايلار ئۆتۈپ، يىللار ئۆتۈپ پاقا كالىدەك يوغىناپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى ئۆگەي دادىسى ئۆيدە ئاش ـ ناننىڭ تېزلا تۈگەپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئەزىمەتتىن گۇمانلىنىپتۇ ۋە كېچىچە ئۇخلىماي ئەزىمەتنى ماراپ يېتىپتۇ. دېگەندەك يېرىم كېچە بولغاندا ئەزىمەت پۈتنىڭ ئۇچىدا ئاستا دەسسەپ چىقىپ، داستىخاندىن نان ئېلىپ پاقىغا بېرىۋاتقاندا، ئۆگەي دادىسى كاپلا قىلىپ ئۇنى تۇتۇۋاپتۇ ـ دە:

— سەن بۇ مەخلۇق بىلەن دەرھال ئۆيدىن يوقال! — دەپ ئەزىمەتكە ۋارقىراپ، ئۇنى قوغلاپ چىقىرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەزىمەت نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ پاقىغا ئارتىپ، ئۆزى پاقىغا مىنىپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئەزىمەت پاقا بىلەن بىرقانچە كۈن يول يۈرۈپتۇ، ئوزۇق ـ تۈلۈكى تۈگەپتۇ. بىر ئاچا يولغا كەلگەندە پاقا ئەزىمەتكە:

— بىز مۇشۇ يەردە ئايرىلايلى، ماڭا ياخشىلىق قىلغىنىڭ ئۈچۈن ساڭا بىر گۆھەر بېرەي، ئېسىڭدە بولسۇن، بۇ گۆھەر بەك خاسىيەتلىك، ئۇنى ئۆلگەن ھەرقانداق جان ـ جانىۋارغا تەگكۈزسەڭ شۇئان تىرىلىدۇ. لېكىن، ئۇنى ئۆلگەن ئادەمگە تەگكۈزسەڭ بولمايدۇ. بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە: «كۇر، كۇر، كۇر» دېسەڭ مەن پەيدا بولىمەن، — دەپتۇ ۋە كۆزدىن غايىب بوپتۇ. ئەزىمەت پاقىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن باشقا بىر شەھەرگە قاراپ يول ئاپتۇ. ئۇ يولدا كېتىۋاتسا بىر چاشقاننىڭ ئۆلۈكى ئۇچراپتۇ. ئەزىمەت پاقىنىڭ گېپىنى ئېسىگە ئېلىپ، گۆھەرنى ئۆلۈك چاشقانغا تەگكۈزگەنىكەن، چاشقان دەرھال تىرىلىپتۇ ۋە ئەزىمەتكە رەھمەت ئېيتىپ:

— ئەي ئادەمزات، بېشىڭغا كۈن چۈشسە «كىرىس، كىرىس، كىرىس» دېسەڭ مەن يېنىڭدا پەيدا بولىمەن، مۈشكۈلۈڭنى ئاسان قىلىمەن، — دەپ يولىغا راۋان بوپتۇ.

ئەزىمەت يەنە يولنى داۋاملاشتۇرۇپ كېتىۋاتسا، يول ئۈستىدە بىر يىلاننىڭ ئۆلۈكى ئۇچراپتۇ. ئەزىمەت گۆھەرنى چىقىرىپ، يىلانغا تەگكۈزگەنىكەن، يىلان دەرھال تىرىلىپتۇ ۋە ئۇمۇ ئەزىمەتكە رەھمەت ئېيتىپ:

— ئەي ئادەمزات، بېشىڭغا كۈن چۈشسە «غىلدىر، غىلدىر، غىلدىر» دەپ چاقىرساڭ مەن پەيدا بولىمەن، ياخشىلىقىڭغا جاۋاب قايتۇرىمەن، — دەپ يولىغا راۋان بوپتۇ. ئەزىمەت شۇ تەرىقىدە يولنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۇ بىر ئەسكى تاملىقتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسا، بىرقانچە ئۆلۈك ھەرە ئۇچراپتۇ.

ئەزىمەت ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن ھەرىلەرنىمۇ

تىرىلدۈرۈپ قويۇپتۇ. ھەربىلەر:

— ئەي ئادەمزات، بېشىڭغا كۈن چۈشسە «غوۋۇڭ، غوۋۇڭ، غوۋۇڭ...» دەپ چاقىرساڭلا بىز خىزمىتىڭگە تەييار، — دەپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

ئەزىمەت يولىنى داۋام ئېتىپتۇ. ئۇ يۈرۈپتۇ، يۈرۈپتۇ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئاخىر بىر شەھەرگە بېرىپتۇ. قارىسا ھەممە ئادەم يىغلاپ ھازا ئېچىۋاتقۇدەك. ئەسلىدە بۇ شەھەرنىڭ شاھزادىسى قازا قىلغانىكەن. ئەزىمەت كۆڭلىدە: «بۇ خاسىيەتلىك گۆھەرنى ئۆلگەن جانىۋارغا تەگكۈزۈپ تىرىلدۈرۈپ قويدۇم، بۇ شاھزادىنىمۇ تىرىلدۈرۈپ قويسام قانداق بولار» دەپ ئويلاپتۇ. بىراق، پاقىنىڭ گېپى يادىغا كېلىپ بۇ نىيىتىدىن يېنىپتۇ، لېكىن يەنە ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىر: «بۇمۇ بىر جان بولغاندىكىن تىرىلدۈرۈپ باقاي» دەپ خاسىيەتلىك گۆھەرنى شاھزادىنىڭ تېنىگە تەگكۈزگەنىكەن، شاھزادە دەرھال تىرىلىپتۇ ۋە ئۆزىنى تىرىلدۈرۈپ قويغان ئەزىمەت بىلەن قىيامەتلىك دوست بولۇشقا قەسەم قىپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، پادىشاھ بىلەن شاھزادە خاسىيەتلىك گۆھەرگە قىزىقىپ، نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ ـ دە، ئەزىمەتتىن گۆھەرنى تارتىۋېلىشنى پىلانلاپتۇ.

بىر كۈنى شاھزادە ئەزىمەتنى شىكارغا بىللە چىقىشقا تەكلىپ قىپتۇ. ئەزىمەت خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بوپتۇ. ئۇلار شىكارغا چىقىپتۇ، ھاۋا تازا قىزىغاندا ئۇلار شىكارنى توختىتىپ، چوڭقۇر بىر كۆلنىڭ بويىغا كېلىپ سايداپتۇ. ئەزىمەت خاسىيەتلىك گۆھەرنى قاشتا قويۇپ، كۆلدىن سۇ ئىچمەكچى بوپتۇ. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن شاھزادە ئەزىمەتنى كۆلگە ئىتتىرىۋېتىپ، گۆھەرنى يانچۇقىغا سېلىپ ئوردىغا قايتىپ كېتىپتۇ. ئەزىمەت سۇ ئۈزەلمىگەچكە، كۆل سۈيى ئۇنى تېگىگە تارتىپ يۇتۇپ كېتىشكە باشلاپتۇ. جان ھەلقۇمىغا كەلگەندە ئەزىمەت پاقىنى يادىغا ئېلىپ: «كۇر، كۇر، كۇر» دېگەنىكەن، پاقا شۇئان پەيدا بولۇپ ئەزىمەتنى كۆلدىن قۇتقۇزۇپ چىقىپتۇ.

ئەزىمەت پاقىغا بولغان ئەھۋالنى دېگەنىكەن، پاقا خاپا بولۇپ: «مەن ساڭا ئادەمزاتنى قۇتقۇزۇشقا بولمايدۇ دېمىگەنمىدىم» دەپتۇ ـ دە، يولىغا راۋان بوپتۇ.

ئەزىمەت شەھەرگە كىرىپ، پادىشاھقا دەۋا قىپتۇ. بىراق پادىشاھ: «ئۇ گۆھەر ئوغلۇمنىڭ، سەن پالاندى ئوغلۇمغا قارا چاپلىدىڭ» دەپ ئۇنى زىندانغا تاشلاپتۇ ۋە ئۇنى دەرھال ئۆلتۈرمىسە ئوغلىغا ياخشىلىق يوقلۇقىنى ئويلاپتۇ. شۇنداقتىمۇ، ئۇنى بىكاردىن ـ بىكار ئۆلتۈرۈشكە بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، زىندانغا بەش تاغار بۇغداي، بەش تاغار تېرىق، بەش تاغار زىغىر ئەكىرىپ، ئۇلارنى ئىلەشتۈرۈپ، ئۈچ كۈن ئىچىدە تۈرى ـ تۈرى بويىچە ئايرىپ چىقىشنى، ئەگەر ئايرىپ چىقالمىسا ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئەزىمەت نېمە قىلارنى بىلمەي ئولتۇرۇپ قاپتۇ ۋە بىرھازادىن كېيىن چاشقان يادىغا كېلىپ: «كىرىس، كىرىس، كىرىس» دەپ توۋلاپتۇ، شۇئان نۇرغۇن چاشقانلار پەيدا بوپتۇ ھەم ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ بىردەمدىلا ئەزىمەتنىڭ دېگىنى بويىچە دانلارنى تۈرى بويىچە ئايرىپ چىقىپتۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن جاللاتلارنى باشلاپ كىرگەن پادىشاھ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ. ئەزىمەتنى ئۆلتۈرۈشكە باھانە تاپالمىغان پادىشاھ ئامالسىز چىقىپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭ كېچىچە ئۇيقۇسى كەلمەپتۇ ۋە ئەزىمەتنى دەرھال ئۆلتۈرمىسە بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ يېتىپتۇ، ئەتىسى ئۇنىڭ گۇناھى بولمىسىمۇ، ئۆلتۈرۈش نىيىتىگە كەپتۇ. ئەتىسى پادىشاھ ياساۋۇللارنى زىندان ئەتراپىغا توپلاپتۇ. بۇنىڭدىن بىر شۇملۇقنى سەزگەن ئەزىمەت ھەربىلەرنى ئېسىگە ئېلىپ، «غوۋۇڭ، غوۋۇڭ، غوۋۇڭ» دەپ چاقىرغانىكەن، نەچچە مىڭلىغان ھەربىلەر پەيدا بوپتۇ ۋە ئەزىمەتنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئۆلتۈرۈشكە كەلگەن ياساۋۇللارنى چېقىشقا باشلاپتۇ، ھەربىلەر ياساۋۇللارنى شۇنداق چېقىپتۇكى، ئۇلارنى زىندانغا يېقىن كەلتۈرمەپتۇ، شۇ تەرىقىدە يەنە بىرقانچە كۈن ئۆتۈپتۇ. ئەزىمەت بۇ زىنداندا ئۆلۈمنى كۈتۈپ

يېتىۋەرسە بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ يىلاننى يادىغا ئېلىپ: «غىلدىر، غىلدىر، غىلدىر» دەپ چاقىرغانىكەن، يىلان دەرھال پەيدا بوپتۇ. ئەزىمەت يىلانغا پادىشاھنىڭ قىزىنىڭ كۆكسىنى چېقىشقا، لېكىن ئۆلتۈرۈپ قويماسلىققا بۇيرۇپتۇ. يىلان مەلىكە ياتقان ھۇجرىغا كىرىپ ئۇنىڭ كۆكسىنى چېقىۋاپتۇ. پادىشاھ پۈتۈن مەملىكەتكە پەرمان جاكارلاپ، قىزنى كىم قۇتقۇزۇپ قويسا، قىزنى شۇنىڭغا بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ، لېكىن ھېچكىم قىزنى ساقايتالماپتۇ. ئەزىمەت گوندىپاي ئارقىلىق پادىشاھنىڭ قىزنى ساقايتالايدىغانلىقىنى پادىشاھقا ئۇقتۇرۇپتۇ. پادىشاھ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇنى دەرھال زىنداندىن چىقىرىپتۇ. ئەزىمەت يىلاننىڭ دېگىنى بويىچە زەھەرنى قايتۇرۇپ مەلىكىنى قۇتقۇزۇپتۇ، بىراق مەككار پادىشاھ قىزنى ئەزىمەتكە بەرمەكتە يوق، ئەزىمەتنى يەنە زىندانغا تاشلاپتۇ. بۇ خورلۇققا چىدىمىغان ئەزىمەت زىندانغا پاقا، يىلان، چاشقان، ھەرىلەرنى باشلاپ كېلىپ، پادىشاھنى ئاغدۇرماقچى بوپتۇ.

پاقىنىڭ مۇز باتۇر، شامال باتۇر دەيدىغان يېقىن ئاغىنىسى بار ئىكەن. ئەزىمەت ھەرىلەرنى ياساۋۇللارنى، لەشكەرلەرنى چېقىشقا، يىلاننى پادىشاھ ئوردىسىنى ئىگىلەشكە، چاشقانلارنى سېپىللەرنى تېشىشكە، شامال باتۇرنى قارا بوران چىقىرىپ، پادىشاھ لەشكەرلىرىنى بىر يەرگە يىغىشقا، مۇز باتۇرنى ئەت توڭلىغۇدەك سوغۇق پەيدا قىلىپ، يىغىلغانلارنى توڭلىتىپ قويۇشقا مەسئۇل قىپتۇ.

پاقا باش سەركەردە بوپتۇ. جەڭ تەييارلىقى پۈتكەندىن كېيىن شىددەتلىك جەڭ باشلىنىپتۇ.

پادىشاھنىڭ سېپىللىرى بىردەمدىلا يىمىرىلىپتۇ، ھەرىلەر شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتۈپتۇ. شامال باتۇر شۇنداق كۈچلۈك بوران چىقىرىپتۇكى، ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ ھەممىسى بىر دالدىغا يىغىلىپ قاپتۇ، مۇز باتۇر شۇنداق سوغۇق پەيدا قىلغانىكەن، ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ ھەممىسى تۇرغان جايىدىلا قېتىپ قاپتۇ. ئەزىمەت ۋە ئۇنىڭ ۋاپادار دوستلىرى شەھەرنى قولىغا ئاپتۇ ۋە مەككار زالىم شاھنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپتۇ. خەلق ئەزىمەتنى پادىشاھلىققا سايلاپتۇ. ئەزىمەت شەھەرنى ئاخىرغىچە ئادىل سوراپتۇ. خەلق ئۇم - ئىناق، باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ. پاقا، ھەرە، يىلان ۋە باشقا ھايۋانلارمۇ ئادەملەر بىلەن ئىناق ياشاپتۇ.

# دانىيار

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، دولان دىيارىدا ھەم دېھقانچىلىق، ھەم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان شاھنىياز ئىسىملىك دېھقان ئۆتكەنىكەن. بۇ دېھقاننىڭ دانىيار ئىسىملىك بىرلا ئوغلى بار ئىكەن. دانىيار ئون سەككىز ياشقا كىرگەندە شاھنىياز ئوغلىنى جاھان كېزىپ ئادەم بولۇشنى ئۆگىنىپ، مۇستەقىل ياشىيالايدىغان ئادەم قىلماقچى بوپتۇ - دە، مەقسىتىنى ئوغلىغا ئېيتىپ، ئۇنى يۇرتمۇ يۇرت جاھان كېزىپ كېلىشكە يولغا ساپتۇ.

دانىيار ئاتىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، بىر قانچە ئايغىچە گاھى ئاچ، گاھى توق يۈرۈپ، ھەرخىل ئادەملەرنى، ھەرخىل ئىشلارنى كۆرۈپتۇ، لېكىن بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتالماپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە دانىيارنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكى تۈگەپ، ھېرىپ كېتىپ بىر شەھەرنىڭ يېنىدىكى ئورمانلىقتا ئۇخلاپ قاپتۇ. ئۇ تاتلىق ئۇخلاۋاتقاندا، ئاپپاق ساقاللىق بىر بوۋاي ئۇنىڭ چۈشىگە كىرىپتۇ. بوۋاي ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ: «ئوغلۇم، پېشانەڭ ئوڭ ئىكەن، سەن ئورنۇڭدىن تۇرۇپ قەددىڭنى رۇسلا، گەپلىرىمنى ئېسىڭدە چىڭ تۇتقىن: ئەتە ئەتىگەن پالچى قىياپىتىدە ياسىنىپ، شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا پال ئاچسەن، ئالدىڭغا بىر سودىگەر كېلىدۇ، ئۇنىڭ بەش كالىسىنى ئوغرى ئالغان، ئوغرىلار ھازىر ئوغرىلانغان كالىنى شەھەرنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى چوڭ ئۆستەڭنىڭ بويىدىكى تاشلاندۇق ئۆيگە يوشۇرۇپ

قويغان، سەن «پال» ئېچىپ، سودىگەرنىڭ كالىسىنى تېپىپ بەرسەڭ، قالغىنىنى ئۆزۈڭ بىلىپ بىر تەرەپ قىلغىن، ئوغلۇم» دەپتۇ ۋە كۆزدىن غايىب بوپتۇ. دانىيار ئويقۇدىن ئويغانسا بۇ چۈشى ئىكەن، ئۇ بىر هازا ئويلىنىپ تۇرۇپ قاپتۇ، ئاخىر چۈشىدە كۆرگەن بوۋاينىڭ دېگىنى بويىچە پالچى قىياپىتىدە ياسىنىپ، ئەتىسى شەهەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئورۇندا «پال» ئېچىپ ئولتۇرۇپتۇ. دېگەندەك پۇر سېمىز، مەڭزى قىزىل كەلگەن، سودىگەر سىياقىدىكى بىر ئادەم ئۇنىڭغا كالىسى يىتىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا «پال» ئاچتۇرماقچى بوپتۇ، دانىيار چۈشىدىكى بوۋاينىڭ دېگىنى بويىچە ئىش كۆرۈپتۇ، نەتىجىدە سودىگەر ئوغرىلارنى تۇتۇپ، كالىلىرىنى تېپىۋاپتۇ ھەمدە دانىيارغا خېلى كۆپ ئالتۇن - كۈمۈش ئىنئام قىپتۇ، شۇنداق قىلىپ، دانىيار بۇ شەهەردە بىر مەزگىل تۇرۇپ قاپتۇ.

شۇ كۈنلەردە پادىشاھنىڭ قىممەتلىك بىر گۆهىرى يىتىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ ھەرقانچە ئىزدەپمۇ گۆھەرنى زادىلا تاپالماپتۇ. ئۇ ئاخىر كىم دۆلەت گۆھىرىنى تېپىپ بەرسە، شۇنىڭغا سۆيۈنچە بېرىدىغانلىقىنى جاكارلاپتۇ. ئەسلىدە ھېلىقى كالىسىنى يىتتۈرۈپ قويغان سودىگەر بىلەن پادىشاھنىڭ مۇناسىۋىتى يېقىن ئىكەن. پادىشاھنىڭ پەرمانىنى ئاڭلىغان سودىگەر دەرھال ئوردىغا بېرىپ، پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈپتۇ ھەمدە شەهەرگە يېڭىدىن بىر ياش پالچىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ، بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ دەرھال نۆكەرلىرىنى ئەۋەتىپ، دانىيارنى تېپىپ ئەكېلىپتۇ. پادىشاھ دانىيارغا ئۈچ كۈن ئىچىدە گۆھەرنى تېپىشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ، شۇنداقلا ئۇنى قېچىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن ئوردىدىن چىقماي تۇرۇپ، پال ئېچىپ تېپىپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. دانىيار: «ئەمدى قانداق قىلارمەن، بىرىنچى قېتىمغۇ بوۋاينىڭ چۈشۈمدە دېگىنى بويىچە ئىش قىلسام تەلىيىم ئوڭدىن كەلگەندى، ئەمدى بېشىمغا كەلگەننى كۆرەرمەن» دەپ ئىككى كۈننى خىيال بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى كېچىسى ئۇنىڭ ئۇيقۇسى كەلمەي، ئوردىنىڭ ئىچىنى ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ، ئۇيان مېڭىپ، بۇيان مېڭىپ قۇللار ياتىدىغان ئۆينىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسا، بىر ئۆيدىن «خارت - خارت - خارت» قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ، دانىيار دېرىزىدىن تازا بىر سىنچىلاپ قارىسا، بىر قۇل ئۆينىڭ تورۇسىغا ئارغامچىنى سېلىپ ئۆزىنى ئېسىۋالغان بولۇپ، جېنى چىقماي خارتىلداپ قالغانىكەن. دانىيار دەرھال ئىشىكنى ئېچىپ ئۆلۈۋالماقچى بولغان قۇلنى دەرھال پەسكە چۈشۈرۈۋاپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن نېمە سەۋەبتىن ئۆلۈۋالماقچى بولغانلىقىنى سوراپتۇ.

— مەن بىر كۈنى ئوردىنى تازىلاۋېتىپ، قىممەتلىك بىر گۆھەرنى كۆرۈپ قېلىپ، نىيىتىمنى بۇزۇپ گۆھەرنى ئوغرىلىۋالغانىدىم، ئاڭلىسام پادىشاھ ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا ئىنتايىن ئۇستا بىر پالچىنى ئوردىغا ئەكەلدۈرۈپتۇ، شۇڭا پال ئېچىلىپ، خەلقئالەم ئالدىدا ئاشكارىلىنىپ، رەسۋا بولۇشتىن بۇرۇن ئۆلۈپلا قۇتۇلاي دېگەنىدىم، — دەپتۇ قۇل.

— پادىشاھ غاز باقامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ دانىيار قۇلدىن،

— باقىدۇ، — دەپتۇ قۇل.

— ئۇنداق بولسا مەن سېنى غەمدىن خالاس قىلىمەن، سەن ھېلىقى گۆھەرنى بىر غازغا يېگۈزۈپ، ئۇ غازنىڭ پۇتىغا كىچىككىنە لاتا باغلاپ قويغىن، قالغىنىنى ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلىمەن، — دەپتۇ دانىيار قۇلغا.

قۇل دانىيارنىڭ دېگىنى بويىچە گۆھەرنى غازغا يېگۈزۈپ، پۇتىغا كىچىك لاتا چىگىپ قويۇپتۇ.

ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە پادىشاھ دانىيارنى چاقىرىپ:

— گۆھەرنى كىم ئوغرىلىغان؟ تاپالىدىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

دانىيار:

— شاھ ئالىيلىرى، ئوردىدا غازلىرى بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

پادىشاھ:

ــ ئەلۋەتتە بار، ــ دەپتۇ.

ــ ئۇنداقتا غازلارنىڭ ھەممىسىنى ئالدىمدىن ئۆتكۈزسىلە، ــ دەپتۇ دانىيار مەغرۇر قىياپەتتە.

قۇللار پادىشاھنىڭ غازلىرىنى ھەيدەپ دانىيارنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ. دانىيار ھېلىقى پۇتىغا لاتا چىگىپ قويغان غازنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، پادىشاھقا:

ــ ئاۋۇ غازنى تۇتۇپ قارنىنى يارايلى، گۆھەرنى ئاشۇ غاز يەۋالغان! ــ دەپتۇ.

ئۇلار غازنىڭ قارنىنى يارغانىكەن، دېگەندەك ۋال ـ ۋال قىلىپ چاقناپ تۇرغان گۆھەر غازنىڭ پوكىنىدىن چىقىپتۇ.

پادىشاھ ناھايىتى خۇش بولۇپ كېتىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا ئالتۇن ـ كۈمۈش ئىنئام قىلىپ، ئوردىنىڭ مەخسۇس پالچىلىقىغا تەيىنلەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، دانىيار شاھ ئوردىسىدا تۇرۇپ قاپتۇ. بىر كۈنى پادىشاھ ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرى بىلەن چاھار باغدا بەزمە قۇرۇپ تاماشا قىلىپ ئولتۇرسا ئېرىقتىن بىر چار پاقا چىقىپ پادىشاھنىڭ ئالدىدىن «دىك ـ دىك ـ دىك» قىلىپ سەكرەپ ئۆتۈپتۇ. پادىشاھ قىزىقچىلىق قىلىپ پاقىنى قولى بىلەن باستۇرۇۋاپتۇ ۋە دانىيارنى چاقىرتىپ ئەكىلىپ:

ــ قولۇمنىڭ ئاستىدا نېمە بار؟ تېپىپ باق، ــ دەپتۇ.

دانىيار «ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟» دەپ ئويلاپ، ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى بىر ـ بىرلەپ كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپتۇ. «بىرىنچى قېتىم ئاپپاق ساقاللىق بوۋاينىڭ دېگىنى بويىچە ئوغرىلانغان كالىنى تاپتىم، ئىككىنچى قېتىم قۇلنىڭ ئىقرارى بويىچە غازنىڭ پوكىنىدىن گۆھەرنى تاپتىم، ئۈچىنچى قېتىم تۇتۇلۇپ قالىدىغان بولدۇم». دانىيار شۇنداق ئويلاپ، ئاخىر:

ــ بىر سەكرىدى قۇتۇلدى، ئىككى سەكرىدى قۇتۇلدى، ئۈچ سەكرىدى تۇتۇلدى، ــ دېگەنىكەن، پادىشاھ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە:

ــ ناھايىتى دانىشمەن ئىكەنسەن، مانا بۇ پاقا بىر سەكرەپ، ئىككى سەكرەپ، ئۈچ سەكرەپ ئالىقىنىمغا چۈشكەنىدى، ــ دەپتۇ. دانىيار ئۆزىمۇ ھەيران قالغان ھالدا بۇ ئۆتكەلدىنمۇ ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

دانىيارغا قايىللىقى ئېشىپ، خۇش بولۇپ كەتكەن پادىشاھ ئۇنى ياقتۇرۇپ قاپتۇ ۋە قىزىنى دانىيارغا نىكاھلاپ بېرىپتۇ ۋە ئۇلارغا قىرىق كېچە ـ كۈندۈز داغدۇغىلىق توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ، دانىيارمۇ ئائىلە قۇرۇپ خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر تۈركۈم قاراقچىلار پادىشاھنىڭ خەزىنىسىگە ئوغرىلىققا كىرىپ، خەزىنىدىكى بارلىق ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۈنچە ـ مەرۋايىت دېگەندەك بايلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئوغرىلاپ، دۆلەت خەزىنىسىنى قۇرۇقداپ قويۇپتۇ. پادىشاھ پۈتۈن مەملىكەتنى ئاختۇرۇپمۇ ئوغرىلانغان مال ـ دۇنيانىڭ دېرىكىنى ئالالماپتۇ. شاھنىڭ بېشى قېتىپ، ئاخىر دانىيارنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئون بەش كۈنلۈك مۆھلەت بېرىپ، ئوغرىلانغان مال ـ دۇنيانى تېپىپ چىقىشنى، تاپالمىسا كۆيۈئوغلى بولسىمۇ يۈز ـ خاتىر قىلماي كاللىسىنى ئالىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

دانىيار ھەرقانچە قىلىپمۇ خەزىنىدىن ئوغرىلانغان مال ـ دۇنيانىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلالماپتۇ، ئۇ ئايالى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، مۆھلەت توشىدىغان كۈنىنىڭ ئالدىنقى ئاخشىمى باشقا يەرگە قېچىپ كېتىشنى پىلانلاپتۇ. ئەتە ئون بەش كۈن توشىدۇ دېگەن ئاخشىمى دانىيار ئەر ـ خوتۇن قېچىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلغىلى تۇرۇپتۇ. خوتۇنى تونۇرغا نان ياققىلى تۇرۇپتۇ، لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر تونۇرغا ياققان نان تونۇرغا تۇتماي، چوغقا چۈشۈشكە باشلاپتۇ. ئەمدى گەپنى قاراقچىلاردىن ئاڭلايمىز.

قاراقچىلار پادىشاھنىڭ خەزىنىسىدىن ئوغرىلىغان مال ـ دۇنيانى بىر غارغا يوشۇرۇپ قويۇپ، پادىشاھنىڭ قانداق ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆزىتىشكە باشلاپتۇ ۋە پادىشاھنىڭ ناھايىتى ئۇستا بىر پالچىسى

بارلىقىنى، ئۇنىڭ ھەرقانداق يوقالغان نەرسىنى تېپىۋالالايدىغانلىقىنىمۇ تىڭتىڭلاپ ئۇلگۇرۇپتۇ ۋە سوراپ يۈرۈپ دانىيارنىڭ ئۆيىنىمۇ بىلىۋاپتۇ.

ئەسلىدە بۇ قاراقچىلار جەمئىي يەتتە كىشى ئىكەن، ئۇلار دانىيارنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى ھويلا تېمىدىن ماراپتۇ.

قارىسا دانىيارنىڭ ئايالى تونۇرنىڭ بېشىدا تۇرۇپ، تونۇردىن چوغقا چۈشۈپ كەتكەن ناننى دانىيارغا ساناپ بېرىشكە باشلاپتۇ:

— بىرسى چۈشتى، ئىككىسى چۈشتى، ئۈچى چۈشتى، تۆتى چۈشتى، بەشى چۈشتى، ئالتىسى چۈشتى، يەتتىسى چۈشتى، جەمئىي يەتتىسى قوقاسقا چۈشتى، — دەپتۇ دانىيارنىڭ ئايالى.

«يەتتىسى چۈشتى» دېگەن گەپنى ماراپ تۇرغان قاراقچىلار ئاڭلاپ: «پالچى بىزنى بىلىۋاپتۇ، ئۇ بىزنى تونۇرغا سېلىپ كۆيدۈرمەكچى بولۇۋاتقان ئوخشايدۇ» دېيىشىپ، دەرھال تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ:

— ۋاي دانىشمەن يىگىت، بىر قوشۇق قېنىمىزدىن كېچىپ، بىزنى تونۇرغا تاشلىماڭ، مال - دۇنيا غاردا ساق - سالامەت بار، ئۇنى بىز شۇ پېتى تىقىپ قويغان، — دەپ، دانىيارنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزلىنىپتۇ. بۇنىڭدىن ھاڭ - تاڭ قالغان دانىيار دەرھال ئىشنىڭ تېگىگە يېتىپتۇ ھەمدە ئۇلارنى بىر - بىرىگە باغلىتىپ، پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا ئېلىپ بېرىپتۇ، شۇنداق قىلىپ، خەزىنىدىكى مال - دۇنيا تېپىلىپتۇ. پادىشاھ دانىيارنى باش ۋەزىرلىككە تەيىنلەپتۇ. دانىيار ئۆز خىزمىتىگە سادىق بولۇپ، ئەلنى ئادىل، ياخشى باشقۇرۇپتۇ ۋە ئايالى بىلەن ئاخىرغىچە بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

(ئېيتىپ بەرگۈچى: مەكىت ناھىيە يانتاق يېزا يانتاق كەنتىدىن تۇردى ھەسەن، توپلاپ رەتلىگۈچى: مەكىت ناھىيە شېھىتدۆڭ ئوتتۇرا مەكتەپتە)

# ئۈچ قىز

بۇرۇنقى زاماندا بىر باينىڭ بىر - بىرىدىن ئۆتە قىلىقسىز، گەپلىرى تېتىقسىز، پۇتلىرى مايماق، ئۆزلىرى ناينىاق، غىلجىڭ، ئاچ كۆز، چاپقاق ئۈچ قىزى بولغانىكەن. ئۇلارنىڭ يېشى ئېشىپ بالاغەتكە يېتىپ قالغانىكەن. ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى تاجىگۇل، ھاجىگۇل ۋە باجىگۇل بولسىمۇ، كىشىلەر ئۇلارنىڭ خۇي - پەيلى، مىجەز - خۇلقىغا قاراپ، ئۇلارنى تاجى ناينىاق، ھاجى چاپقاق، باجى مايماق دەپ ئاتايدىكەن. چوڭىنىڭ يېشى ئۇلغىيىپ توي قىلىش ۋاقتىدىن خېلى ئېشىپ كەتكەچكە، كىشىلەر بىلەن سۆزلەشكەندە ئۆزىدىن خېلىلا چوڭ ئاياللارنىمۇ «ئوھوش ئۇكام، قويسىلىچۇ!» دەپ ناينىاقلايدىكەن. ئىككىنچىسىنىڭ ئاغزى تىنىم تاپمايدىكەن، تېزەكتىن باشقىنى يالمايدىكەن، تويۇپ ئاغزىدىن يېنىپ چىقىۋاتسىمۇ، يېيىشتىن يانمايدىكەن؛ ئۆيىنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىنى تىنتىپ، قولىغا چىققاننى يەپ، چىشىنىڭ قىچىقىنى باسىدىكەن. بولمىسا چىشىنىڭ كىرىنى شۇمۇپ يۈرىدىغان چاقچاق ئىكەن. ئۈچىنچىسى بولسا تولۇم چاشقاندەك سېمىز، بويلىرى ئېگىز، سەل كېكەچ ھەم پوقاق، قولى تۇتقاق ئىكەن.

ئۆزىنىڭ ئاش - نېنىنى ئۆزىدىن قىزغىنىپ ئوغرىلاپ يەيدىغان پىخسىق باي بىر كۈنى چوڭ بىر سەركىنى سويۇپ گۆشىنىڭ كۆپرەكىنى تۇزلاپ ئېسىپ قويۇپ، قالغان قىسمىنى ئۆيدىكىلەر بىلەن پىشۇرۇپ يەپ، قويچىغا كاللا - پاچاقلىرىنى ئېلىپ قويۇپتۇ. بىراق، بىر ئازدىن كېيىن ئالدى بىلەن تاجىگۇل ناينىاق كېلىپ، قازان بېشىغا بېرىپ، سەركىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ:

چوڭ سەركىمىز سويۇلدى،
ھەممە گۆشكە تويۇندى.
مالغا كەتكەن قويچىغا
كاللا - پاچاق قويۇلدى.

دادامنىڭ بۇ قىلىقى
ماڭا غەيرىي تۇيۇلدى.
پىچاق ئالدىم قولۇمغا،
بىر قۇلىقى ئۈزۈلدى.
گۆش قويماپتۇ ئىلغىدا،
مەن يېگۈدەك كاۋاپقا.
بىر قۇلاقنى يېگەنگە،
تارتىلماسمەن جاۋابقا.
كۆزۈم تۈشتى قۇلاققا،
تارتىنماي كەل بۇياققا.

دەپ قازاندىكى كالىنىڭ بىر قۇلىقىنى كېسىۋاپتۇ.

بۇنى كۆرگەن چاپقاق ئۈچقاندەك كېلىپ:

مەن ئۆزۈم بىر چاققانمەن،
پۇراپ يۈرۈپ تاپقانمەن.
ئۈچرىغاننى پۈۋلىمەي
كانىيىمغا ئاتقانمەن.
كەسكەندە سەن قۇلاقنى،
كۆرۈپ قېلىپ چاپقانمەن.
سەن ناخشاڭنى ئېيتقاندا،
قۇلاق سېلىپ ياتقانمەن.
سەكرەپ تۇرۇپ ئورنۇمدىن،
ئۇنۇڭگە ئۈن قاتقانمەن.
ئىزا - نومۇس قىلىشنى
بازار كۈنى ساتقانمەن.
سەن يېسەڭ بىر قۇلاقنى،
مەن يېمەمدىم چولاقنى.
ھەر ئىككىمىز يەپ بولۇپ،
كۆمتۈرەيلى تۇۋاقنى.

دەپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كېلىپ، قالغان بىر قۇلاقنى تۈۋىدىن ئۈزۈۋاپتۇ. ئۆزى تويسىمۇ كۆزى تويمىغان بۇ قىز: «قويچى باشنىڭ ھەممىسىنى توگەل يېسۇن دەپ كىم ئېيتىپتۇ» دېگىنىچە ماڭلاي گۆشىنى كېسىپ ئېلىپ يەپتۇ.

بىر چاغدا كىچىك قىز كېلىپ:

ئەقلى يوقنىڭ كۆزى يوق،
قويچى تازنىڭ ئۆزى يوق.
بىر كۆزىنى يەۋەتسەم،
ھېچ كىشىنىڭ سۆزى يوق.
كۆز دېگەنغۇ غىچلا ماي،
ئارىسىدا بېزى يوق.
كۆز بولسىمۇ يەۋالاي،
يەۋالغاننىڭ ئىزى يوق.
قىچىشمىسۇن گالىلىرىم،
ئۆرتەنمىسۇن قانلىرىم.
ئاز بولسىمۇ يېگەنگە
خۇشال بولسۇن جانلىرىم.
بوش دېمەڭلار ئىككىڭلار
بايىنىڭ كىچىك قىزىنى.
ئويۇۋېلىپ كۆزىنى،
تېتىپ باقاي تۇزىنى...

دەپ بىر كۆزنى ئويۇۋېلىپ، ئارقىدىن: «ئەلەس بولۇپ قالماي يەنە» دەپ، يەنە بىر كۆزىنىمۇ يەۋاپتۇ.

مەن تۇرغاندا قويچىغا
تىلىنىڭ نېمە گۇناھى.
تىلنى يېسە تىل چىقىپ،
بولمايدۇ ئۇ سىپايى...

دېگەن پېتى ئايناق كېلىپ تىلنى كېسىپ يەپتۇ. بىر چاغدا چاپقاق كېلىپ:

— ئالدىرىماڭلار، قېرىنداشلار، بىر گېپىمنى دەۋالاي:

مېڭىسىنى يەپ قالسا،
قويچى بولۇر ئەقىللىك.
نەپ بەرمەيدۇ بىزلەرگە،
بولۇۋېلىپ ئەقىللىك!
مېڭىسىنى يەۋالاي،
ماڭقا بولۇپ يۈرمىسۇن؟!

دەپ سۆڭەكنى ئاجرىتىپ، مېڭىسىنى يەۋاپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئۇياقتىن ـ بۇياقتىن يۈگۈرۈپ باشنىڭ ھەممە گۆشلىرىنى يەپ تۈگىتىپتۇ ۋە ئاخىر:

ــ قويۇڭلار، ئۇ بىچارىگىمۇ بىرنېمە قالسۇن، ئۇنداق قىلماڭلار، ــ دېيىشىپتۇ بىر ـ بىرىگە.

قويچى كەچقۇرۇن قويلىرىنى ھەيدەپ كەپتۇ. ئۇنىڭ ئالدىغا قارا ئۆپكە، غاجىلىنىپ بولغان كاللا ـ پاچاق سۆڭەكلىرى قويۇلۇپتۇ. كەچكىچە تاغ ـ دالادا ئاچ يۈرگەن قويچى ئۇنىڭدىن ـ بۇنىڭدىن تاتىلاپ بېقىپتۇ، لېكىن قولىغا ئىلىنغۇدەك بىر نېمە چىقماپتۇ. شورپىدىن بىر چىنە ئېلىپ ئېتىپ كۆرسە، ئۇنىڭغىمۇ سۇ قوشۇلغانىكەن. نېمە يەپ، نېمە قويۇشنى بىلمىگەن قويچى قۇرۇق كاللىغا كۆپرەك تەلمۈرۈپتۇ. ئاندىن كاللا سۆڭىكىنى قولىغا ئېلىپ، بىر قۇر ئايلاندۇرۇپ قاراپ چىققاندىن كېيىن، ئېغىر بىر خورسىنىپ قويۇپ: «توۋا، بۇلار مېنى مەسخىرە قىلىۋاتامدىمۇ نېمە؟» دەپ ئويلاپتۇ. شۇ چاغدا كىچىك قىز:

ــ غاجىماستىن ئۇستىخان، يىمىگە قاياپ ئولتۇيسەن؟ ــ دەپتۇ كېكەچلەپ.

قويچى قىزنىڭ گېپىگە پەرۋا قىلماي، كاللىغا قاراپ سۆز باشلاپتۇ:

سالام ساڭا، سەركە،
تۇغۇلغان يېرىڭ تەلكە.
ئويناپ ـ كۈلۈپ تاغلاردا
ئۆسكەن ئىدىڭ ئەركە.
باشلاپ يۈرۈپ قويلارنى،
بېسىپ تالاي يوللارنى.
باي غوجامنىڭ مېلىغا
قوشقان ئىدىڭ بەرىكە.
قۇرۇت چۇشۇپ پۇتۇڭغا،
ماڭالمىدىڭ يولۇڭغا.
كېگىز ئۆينى ئايلىنىپ،
ھېچ تويمىدىڭ چۆپكە.
كۆرۈنمەيدۇ گۆشلىرىڭ،
نەگە كەتتى تۆشلىرىڭ.
بىر تۇغرام گۆش يېمىدىم،
قاپتۇ ماڭا قارا ئۆپكە.

ــ ھە، ھە، ھە، قېنى داۋام قىل، ــ دەپتۇ قىزلار قويچىنىڭ قوشىقىدىن راھەتلىنىپ.

قويچى قوشىقىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

قازا كەپتۇ بېشىڭغا،
رەھىم قىلماي جېنىڭغا.
قالماس زادى دەپتىمەن،
مۇنداق ئېغىر كۈلپەتكە.
يايلاق تارلىق قىلغاندەك،
سەكرەيتتىڭغۇ ئېگىز ـ پەس.
ھەريان باشلاپ قويلارنى
كىرمەيتتىڭغۇ سۆزۈمگە.
تىك چوققىغا چىقاتتىڭ،
يۇمشاق چۆپنى ئۇقاتتىڭ،
سۈزۈك سۇنى ئىزدەپ چىقىپ،
قوشۇلمايتتىڭ قاچاتتىڭ.
«ھايت ـ ھۇيت» دېسەم ئاڭلىماي،
ئۆز ھالىڭغا پايلىماي،
ھەر قەيەردە ئويناتتىڭ،
ئۇنىمايتتىڭ سۆزۈمگە.
شوخلۇق چىقىپ بېشىڭغا،
زامىن بولدى جېنىڭغا.
ئەللىك جىڭ گۆش چىقتىمۇ،
يەتمىدىمۇ كۆپكە؟!
پاتمىغان كەڭ جاھانغا،
قانداق پاتتىڭ قازانغا؟
ئىلگىرىكىدەك ئەركىلەپ،
قاچساڭچۇ بىر چەتكە.
قوزغاپ كۆپنىڭ ئۆچىنى،
پىسەنت قىلماي يۈرەتتىڭ،
دوق قىلسىمۇ «خەپ» كە،
قاچاتتىڭغۇ چەتكە.
ئايرىلدىمەن سېنىڭدىن،
يوقالدىڭسەن يېنىمدىن.
سۇ قوشۇلغان شورپاڭنى
ئىچەي قېنى ئېلىپ كەل.

ــ بەللى، ئەزىمەت، قوشاقچى ئىكەنسەنغۇ، ــ

دەپتۇ باي بىلەن ئۇنىڭ خوتۇنى قويچىنىڭ قوشقىغا مەستلىكى كېلىپ.
قويچى قوشقىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

ھەممە قويغا باش ئىدىڭ،
ئۈزۈڭ چاققان، شاش ئىدىڭ،
ياخشى بىلەن يامانغا
بەك مەززىلىك ئاش ئىدىڭ.
دوستلىرىڭدىن ئايرىلىپ،
قاناتلىرىڭ قايرىلىپ،
قۇربان بوپسەن ئاخىرى،
پۇت - قوللىرىڭ باغلىنىپ...

باي خوتۇنى ۋە قىزلىرى بىلەن قويچىنىڭ قوشاقچى ئىكەنلىكىگە ھەيران بولۇپ قاراپ قاپتۇ.
قويچى قوشقىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

بىر ئۆزۈڭدىن سورايمەن،
ئازراق قوشاق قۇرايمەن.
نەگە كەتتى قۇلىقىڭ؟
تاپسام چۇجەپ - بۇرايمەن.
ئايرىلىپسەن قۇلاقتىن،
قورقمىدىڭمۇ سوراقتىن؟
شورپاڭ بىلەن گۆشۈڭنى
سوراپ تاپاي قاياقتىن؟
ماڭاي دېسەڭ، جېنىڭ يوق،
سۆزلەي دېسەڭ، تىلىڭ يوق،
قارغا - قۇزغۇن يېدىمۇ؟
مەن كۆرگەن لوق گۆشۈڭ يوق.
ئويۇۋاپتۇ كۆزۈڭنى،
كىم ئاڭلايدۇ سۆزۈمنى؟
ياغلىق ئۇچەي يوقمىدى،
تۆكوۋەتتىڭ يۈزۈمنى.
ئىگەڭلىرىڭ قايرىلىپ،
شورپاڭ سۇغا ئايلىنىپ
قاپتۇ، مېڭە مېيىڭنى
كىم يىگەندۇر نازلىنىپ.
سېنى بىرسى پەملەپتۇ،
مېنى ھەيران ئەيلەپتۇ،
ئىنساپسىزدا رەھىم يوق،
سېنى يونۇپ چەيلەپتۇ.
باي غوجامنىڭ قىزلىرى
سالدى ماڭا دەستۇرخان.
ئېلىپ كەلدى ئالدىمغا،
ئاشقان - تاشقان ئۇستىخان.
چوڭ سەركىمىز نەدىكەن؟
يېگەن - ئىچكەن پايدىكەن.
يامان بوپتۇ بۇ قىلىق،
ھەممە ئەيىب بايدىكەن.

قويچىنىڭ سۆزلىرى سۆڭەكىدىن ئۆتۈپ ئۆلتۈرالماي قالغان باي:
— خوتۇن، ئۇنىڭغا تېزرەك بىر گۆشنان سېلىپ بەر. بولمىسا گەپ بىلەن بىزنى تونجۇقتۇرىدىغان ئوخشايدۇ، — دەپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: قورغاس ناھىيەسىدىن ئۆمەر قارىي.
خاتىرە قالدۇرغۇچى: قورغاس ناھىيەسىدىن مۇتەللىپ پالتاجى.
نەشرگە تەييارلىغۇچى: خەپىز ساتتار سالىھ

## يولداشلىق ھەققى

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر يىگىت ئۆتكەنىكەن. ئۇ يىگىتنىڭ قېينئاتىسى نامرات بولغاچقا، بىر بۇردا نانغا زار ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، يازنىڭ ياخشى كۈنىدە، ئايەم كۈنلىرىنىڭ بىرىدە يىگىتنىڭ ئايالى ھېيتلىغىلى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىپ، ئاتا - ئانىسىغا قايتىپ كېتىمەن دېيەلمەي ياكى گەپ - سۆز قىلالماي بىر مەزگىل تۇرۇپ قاپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ، ھەپتىلەر ئۆتۈپ، بىر - ئىككى ئاينىڭ قارىسىنى كۆرسىتىپتۇ. ئايالىنىڭ ۋاقتىدا قايتىپ كەلمىگەنلىكىدىن رەنجىگەن، بېرىپ قايتۇرۇپ كېلىشنى پەملىگەن يىگىت ئۆزى

يالغۇز بىر ئاتقا مىنىپ، بىر ئاتنى يېتەكلەپ يولغا چىقىپتۇ.

ئۇ ئۆيىدىن چىققان كۈنى كەچتە يول ياقىسىدىكى بۇلاق بېشىدا تۈنەپتۇ. ئۇ ھاياتىدا سەپەر قىلىپ باقمىغان بولغاچقا، داق يەردە يېتىشقا كۆنەلمەپتۇ. شۇنداقتىمۇ، كېچىنى تىنچ تاڭ ئاتقۇزۇپ، ئەتىسى سەھەردە يەنە يولغا ئاتلىنىپتۇ. ئۇ شۇنداق مېڭىپ كېلىۋېتىپ، باھار پەيزىدىن ھوزۇر ئېلىۋېتىپ، ئاچا يولغا كەلگەندە پىيادە كېلىۋاتقان بىر بوۋايغا يولۇقۇپتۇ. نېمىشقىدۇر يىگىتنىڭ تېنى قورۇنۇپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ، يىگىت ئېتىنىڭ بېشىنى بوۋاي تەرەپكە بۇراپ:

— بوۋا، يول بولسۇن؟ بەخت سىلىگە يار بولسۇن، كۆڭۈللىرى شادلىققا تولسۇن! — دەپ ئەھۋال سوراپتۇ.

بوۋاي يىگىتكە جاۋاب بېرىپ:

— ھەي بالام، مەن جان ئالغۇچى ئەزرائىلمەن، — دەپتۇ.

— نەگە ماڭدىڭىز؟ رىزقىڭىزنى كىمنىڭ جېنىغا سالدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ يىگىت.

— ئالدىمىزدىكى ئىككى كۈنلۈك يەردە بىر باي بار. ئۇ بېخىللىقتىن مال - دۇنياسىنى كۈندە ئۈچ رەت سانايدۇ، چاكارلىرىنى غالجىر ئىتتەك تالايدۇ. باينىڭ ئۆيىدىكى بىر ئەر بىلەن بىر ئايالنىڭ جېنىنى ئالغىلى كېتىۋاتىمەن. لېكىن، «ئۇلارنىڭ جېنىنى قايسى ئۇسۇلدا ئالسام بولاركىن» دەپ خىيال قىلىۋاتىمەن، — دەپتۇ ئەزرائىل.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان يىگىت كۈلۈمسىرەپ:

— ئەي بوۋا، سىزگە ئوخشاش پۇتى ئاقساق، ۋۇجۇدى باسقاق، قولى چولاق، كۆزلىرى چاپاق، يۈزلىرى ياغاق، كەمتۈك ئەزرائىلغا كىم جېنىنى بېرىدۇ؟ جېنىنى تاشلىۋېتەلمەي يۈرگەن كىم بار؟ يەتتە ئەزاسى ساقراق جان ئالغۇچى تېپىلماي، سىزدەك ئاقساق - چولاقنى ئەۋەتتىمۇ؟ — دەپ مەسخىرە قىپتۇ. ئاندىن ئۇ:

— مەن قاچان ئۆلىمەن؟ قانداق كۆرگۈلۈكلەرنى كۆرىمەن؟ راستلا جان ئالغۇچى بولسىڭىز، مۇشۇنى ئېيتىپ بېرىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بالام، ئالدىراپ كەتمە. سەن ئايالىڭنى ئېلىپ، قېيىنئاتا - قېيىنئانىلىرىڭ بىلەن خوشلىشىپ قايتىسەن. يول ئۈستىدە بۇلاق بېشىدا يەنە تۈنەيسەن، ئۇ يەردە ئاخىرەتكە جۆنەيسەن. ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتسام، ئەتىگەن يولغا چىقار چېغىڭدا جېنىڭنى ئالىمەن، ئەجەل دورىسىغا سالىمەن، — دەپتۇ بوۋاي.

— بۇ گېپىڭىزنى توغرا دېيەلى، ئاقساقال، كېلىشىڭ پىيادە كۆپ يۈرۈپ، چارچاپ قالغان ئوخشايسىز، ماۋۇ ئاتقا مىنىۋېلىڭ، ئازراق ئارام ئېلىۋېلىڭ، بارىدىغان مەنزىلىمىز بىر ئىكەن، — دەپ بوۋاينى ئاتقا تارتىپتۇ يىگىت.

— ياق، بالام، رەھمەت. ئۆزۈڭ مىنىپ كېتىۋەر. مېنىڭ پۇتۇم ناكا بولسىمۇ، سەندىن قالمايمەن، — دەپتۇ بوۋاي ئاتقا مىنىشكە ئۇنىماي.

— ئۇنداق بولسا، ئۆز ئۇۋالىڭىز ئۆزىڭىزگە، توپا قونمىسۇن مۈرىڭىزگە، — يىگىت شۇنداق دەپ يولغا راۋان بوپتۇ. بوۋايمۇ يىگىتتىن قالماي ئەگىشىپ يۈرۈپتۇ. ئۇلار ئىككى كۈن بىر - بىرىگە ھەمراھ بولۇپ مېڭىپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى ئىككى سەپەرداش كەچكە يېقىن يېزىنىڭ چېتىدىكى بىر باينىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەپتۇ. شۇ چاغدا بوۋاي خۇرجۇنىدىن بىر تال خورمىنى چىقىرىپ يەپتۇ ۋە:

— بالام، ئىككىمىزنىڭ ئايرىلىدىغان ۋاقتى كەلدى. سەن ماڭا ئىشەنمىدىڭ، مەن مۇشۇ ئۆيدىن ئىككى ئادەمنىڭ جېنىنى ئېلىپ كېتىمەن. سەۋەبىنى ئۆزىڭگە ئارتىمەن، جېنىنى مەن ئالىمەن. ئۆزۈم بەخىرامان يولۇمغا ماڭىمەن، — دەپتۇ.

چوڭ قورۇنىڭ ئىچى تىنچ، غەم - قايغۇسىز، ھەر كىم ئۆزىگە تېگىشلىك ئىشلار بىلەن ئاۋارە بولۇپ يۈرۈۋاتقانىكەن. بىر چەتتە ئىككى ئايال بىرقانچە موزايىنى قاماپ، كالا سېغىۋاتقانىكەن. سۈت چېلەككە يامغۇردەك چۈشۈۋاتقانىكەن. شۇ چاغدا بىر موزاي قاشادىن ئىرغىپ چىقىپ، قۇيرۇقىنى كۆتۈرۈپ چېپىپ، كالا سېغىۋاتقان ئايالنى تېپىپ يىقىتىپ، ئانىسىنى ئەمگىلى

تۇرۇپتۇ. كالا سېغىپ ئولتۇرغان باينىڭ كىچىك كېلىنى:

ــ تۇت ئاۋۇ جىنى چىققۇرنى، گېلىغا قورۇق سامان تىققۇرنى! ــ دەپ قورۇ تازىلاۋاتقان چاكارغا ۋارقىراپتۇ.

مال قورۇسىنى تازىلاۋاتقان چاكار قولىدىكى ياغاچ كۈرەكنى موزايغا قارىتىپ ئېتىپتۇ ۋە موزاينى ئانىسىدىن ئايرىغىلى چېپىپتۇ. شۇ چاغدا باينىڭ يىقىلىپ قالغان كىچىك كېلىنى بېشىنى كۆتۈرگەنىكەن، كۈرەك كېلىپ ئۇنىڭ گەجگىسىگە شۇنداق قاتتىق تېگىپتۇكى، ياش كېلىن قان قۇسۇپ جان ئۈزۈپتۇ. ئايۋاندا ئولتۇرغان باي بىلەن خوتۇنى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپتۇ. بىرنەچچە كىشى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان باينىڭ كىچىك ئوغلى بۇ كۆرۈپ يۈگۈرۈپ كەلگەندە، ئايالىنىڭ ئاللىقاچان جېنى چىقىپ بولغانىكەن.

ئايالىنىڭ جەسىتىنى قۇچاقلاپ داد ـ پەرياد كۆتۈرگەن باينىڭ كەنجى ئوغلى ھېلىقى كۈرەكنى قولىغا ئېلىپ، چاكارنى غەزەپ بىلەن بىرنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ. بۇ ھال قورۇنى غەۋغايۇ ـ قىيامەتكە تولدۇرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، قاش قېقىم ئارىلىقىدا بىر قورۇدا ئىككى ئادەم ئۆلۈپ، قورۇنىڭ ئىچى پاتىپاراقچىلىققا تولۇپتۇ.

ــ ھە يىگىت، مەن ئىككى ئادەمنىڭ جېنىنى ئالدىم، ۋەزىپەمنى ئادا قىلدىم. ئەمدى سېنىڭ جېنىڭنى ئالدىغان چاغدا سەن بىلەن يولۇقىمەن، ــ دەپتۇ بوۋاي. ئۇ شۇ گەپنى قىلىپ بولۇپ غايىب بوپتۇ.

ئىككى ئادەمنىڭ ئازغىنا ۋاقىتتا جانىدىن ئايرىلغىنىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن يىگىت نېمە قىلىشنى، نە قېيىنئاتىسىنىڭ ئالدىغا بېرىشنى، نە قايتىپ كېتىشنىڭ ئىلاجىنى قىلالماي، ئۆزىنى خاتىرجەملىككە سالالماي، گاڭگىراپ تۇرۇپ قاپتۇ. ئاخىرىدا: «تەۋەككۇل، پېشانەمگە يېزىلغاننى كۆرەرمەن» دەپ، ئارىدا بىر قونۇپ، ئەندىشە ئىچىدە خىيال سۈرۈپ قېيىنئاتىسىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇ قېيىنئاتىسىنىڭ ئۆيىدە بەش كۈن تۇرۇپ، ئالتىنچى كۈنى ئايالىنى ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇنىڭ يۈرىكىنى بىر خىل ئەنسىزلىك بېسىپتۇ. يىگىتتە بۇرۇنقىدەك كۆتۈرەڭگۈ روھ، شاد ـ خۇراملىق قالماپتۇ. كەيپىياتىدا ئايالىغا نىسبەتەن مېھىر ـ مۇھەببەتمۇ بىلىنمەپتۇ. روھى چۈشۈپ، رەڭگى ئۆچۈپ، قېنى قېچىپ، تاتىرىپ، ھودۇقۇپ، ياداشقا باشلاپتۇ. بۇنى سەزگەن ئايالى: «سىزگە نېمە بولدى؟» دەپ سورىسا، يىگىت: «تاۋۇم يوق. شۇڭا، ھېچنەرسە بىلەن كارىم يوق» دەپ ئېرىنچەكلىك بىلەن جاۋاب بېرىپتۇ. ئايالى ئۇنىڭ يالغان سۆزلەۋاتقىنىنى سېزىپتۇ.

يىگىتتە ئالاھىدە بىر ئەھۋالنىڭ بولغانلىقىنى سەزگەن ئايال قايتىلاپ سوراۋېرىپتۇ، يىگىتنىڭ راينى ئۆزىگە بۇراۋېرىپتۇ. يىگىت ھېچنەرسە دېمەپتۇ. بىر چاغدا ئۇ ھېلىقى بۇلاق بېشىغا بېرىپ قالغانلىقىنى سېزىپتۇ.

يىگىت تېخىمۇ قاتتىق ۋايىم قىلىپ، ئۇيان ـ بۇيان مېڭىپ، ئېغىر ـ ئېغىر ئۇھ تارتىپ ئارام ئېلىپ ياتالماپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئايالى ئېرىدىن:

ــ سىزنىڭ ئېيتماي يۈرگەن بىر سىرىڭىز ياكى مەندىن باشقا بىرىگە چەكسىز مېھرىڭىز بار. مەندىن يوشۇرماي ئېيتىڭ! ئېيتمىسىڭىز يۇرتىڭىزغا كېتىڭ. مەنمۇ ئۆيۈمگە قايتىپ كېتىمەن. كۆزۈڭىزدىن يىتىمەن! ــ دەپ قىستاپ سوراپتۇ.

ئىلاجسىز قالغان يىگىت:

ــ سەن مېنىڭ ئۆمۈرلۈك جۈپتۈمسەن؛ يۈرىكىمنىڭ رىشتى باغلانغان تىلتۇمارىمسەن. سىرىمنى ساڭا ئېيتماي كىمگە ئېيتىمەن؟! ئېيتمىسام، ئۇ دۇنياغا ئارمان بىلەن كېتىمەن. ئاڭلا، سەن بىلەن ھەمراھ بولىدىغان پەقەت بىر كېچىلا ۋاقتىم قالدى. بېشىمغا بۇ ۋەھىمىنى تەڭرىم سالدى. مېنىڭ ئەنسىزلىكىم شۇنىڭدىن، ــ دەپ يولدا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە ھەسرەتلىك ئاھ ئۇرۇپتۇ. ئايالى بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن:

ــ ئىككىمىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بەختلىك ئائىلە قۇرۇشقا دۇئا بەرگەن. بىر ـ بىرىمىزگە

ھەمراھ بولۇپ، ئۆمۈرلۈك ئۆتتۈشىمىزنى تىلىگەن. بىز بىر - بىرىمىزنى لايىق كۆرۈپ ئۆمۈرلۈك ئۆتتۈشكە ۋەدە قىلىشقان. بەختلىك، ئىناق ئائىلە قۇرۇشقا تىرىشقان. سىز دېگەندەك بىر كېچىلىك ئۆمرىڭىز قالغان بولسا، تەقدىر - قىسمەت شۇنىڭغا باشلىغان بولسا، ئۇنىڭغا ۋايىم يەپ، ھەسرەت چېكىشنىڭ ھاجىتى يوق. غوۋغا قىلىشتىن نەتىجە چىقمايدۇ. غەم قىلغان بىلەنمۇ ئەزرائىل قويمايدۇ. سىز بىلەن سەپەرداش بولغان جان ئالغۇچى كۆرۈنسە، جېنىڭىزنى ئېلىشقا دەقىقە قالغانلىقى بىلىنسە، ماڭا ئېيتىڭ ياكى كېلىۋاتقاندا ماڭا كۆرسىتىڭ. ئۇنىڭغا تىلىكىمنى ئېيتىپ باقاي، تىلىكىمنى بەجا كەلتۈرسە، قالغان ئۆمرىمىزنىڭ پەيزىنى سۈرەيلى، — دەپتۇ.

تاڭ ئېتىپ، كۈن چىقىپتۇ. يولۇچىلار ئات - ئۇلاغلىرىنى تەييارلاپ يول غېمىنى قىلىۋاتقاندا، ھېلىقى بوۋاي بىر توپ يالغۇز چىغىنىڭ تۈۋىگە كېلىپ:

— يىگىت، ۋەدەم بويىچە يېتىپ كەلدىم، — دەپتۇ. يىگىت ئايالىغا قاراپ:

— ۋاي بېشىم، — دەپلا يىقىلىپ، بىر تۇتام چىغنى تۇتالماي غۇلاپ چۈشۈپتۇ. ئايالى كېلىپ ئۇنىڭ بېشىنى تۇتۇپتۇ ھەمدە بوۋايغا چوڭقۇر ھۆرمەت بىلدۈرۈپ:

— ئەي ھۆرمەتلىك پەرىشتە، ھاياتنىڭ سەركىسى، ئېرىمنىڭ رازىلىق بىلەن جان بەرمىكى بەرھەق. مەن بىر مەزگىل بۇ يىگىت بىلەن يولداش بولدۇم، بىر ياستۇققا باش قويدۇم. كۆڭلۈمنىڭ يېرىم بولىدىغىنى شۇنىڭدىنكى، يولداشلىق قەرزىنى تېخى ئادا قىلىپ بولغىنىم يوق؛ ھايات لەززىتىگە تويغىنىم يوق؛ ئەۋلادلارغا بىرەر تۆھپە قويغىنىم يوق. ئۆتەشكە تېگىشلىك نۇرغۇن مەجبۇرىيىتىم بار ئىدى، بۇ مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشقا يىگىتىم يار ئىدى، لېكىن جاھاننىڭ ئېتىكى تار ئىدى. سىلىمۇ يىگىتىم بىلەن ئىككى كۈن يولداش بولۇپتىلا، يولداشلىق ھەققى بىلەن يولداشلىق قەرزىنى ئادا قىلىپ بولۇپ جېنىنى ئېلىۋەرسىلە. مالامەتنى ئۇنىڭ بېشىغا سېلىۋەرسىلە، — دەپتۇ.

«يولداشلىق ھەققى» دېگەن سۆزگە قايىل بولغان ئەزرائىل نېمە دېيىشنى بىلەلمەي، جاننى ئالىمەن دېيەلمەي، بىر قەدەم ئارقىغا داجىپتۇ - دە، ئايالنىڭ سۆزىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىگە تەن بېرىپتۇ.

— يولداش بولغىنىڭ راست بولسا، كىمكى بىر- بىرىگە دوست بولسا، يولداشلىق قەرزىنى ئادا قىلىش پەرز، ئادا قىلمىسا بولمايدىغان قەرز، ئۇنى ئادا قىل! — دېگەن نىدانى ئاڭلىغان بوۋاي:

— بىر كۈنلۈك يولداشلىق ھەققىم ئۈچۈن يىگىرمە بەش يىلدىن ئىككى كۈنگە ئەللىك يىللىق ئۆمۈر قوشتۇم، — دەپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

يىگىت:

— ئەجەب قاتتىق ئۇخلاپ كېتىپتىمەنا! شېرىن چۈش كۆرۈپ مۇراد - مەقسىتىمگە يېتىپتىمەنا! — دەپ بېشىنى كۆتۈرۈپ، كۆزىنى ئېچىپتۇ. قۇياش نۇرىنى چېچىپتۇ.

(ئېيتىپ بەرگۈچى: ھەسەنجان مولدۇز
خاتىرە قالدۇرغۇچى: مۇتەللىپ پالتاجى
نەشرگە تەييارلىغۇچى: خېيىز ساتتار سالىھ)

**ئوقۇرمەنلەر سەمىگە:**

ژۇرنىلىمىزنىڭ 2016 - يىللىق 2 - سانىنىڭ 66 - بېتىنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قۇرىدىكى «بىرى بەگ، بىرى زالىم يۇرتنىڭ بېشى» دېگەن مىسرادىكى «زالىم» دېگەن سۆز ئەسلى «ئالىم» دېگەن سۆز بولۇپ، بەت ياساش جەريانىدا تېخنىكىلىق سەۋەنلىكتىن خاتا كېتىپتۇ. كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ تۈزىتىپ ئوقۇشىنى سورايمىز.

## «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» گە سىزىلغان قىستۇرما رەسىملەردىن



سىرلىق چىراغ



پادىشاھنىڭ كۆڭلىنى ئۇزارتىشى



چۆچۈرە بالا



ئۈسكەك پادىشاھ




# 源 泉 (布拉克)

# بۇلاق

（维吾尔文） 总169期

(قوش ئايلىق ژۇرنال) ئومۇمىي 169-سان

BULAK A BIMOUNTHLY JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

主编：穆合塔尔·马木提 副主编：买买提吐尔地

باش مۇھەررىر: مۇختار مامۇت مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市解放南路348号）
乌鲁木齐市鑫五方包装彩印有限公司
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348-نومۇر)
ئۈرۈمچى ئالتۇن كۆزنەك رەڭلىك باسما چەكلىك شىركىتى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一连续出版物号：CN65-1063/I
国际标准连续出版物号：ISSN 1005-0876
国外发行号：Q1118 邮政编码：830001
邮政代码：58-108 定价：8.50元
广告经营许可证号：6500006000043

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN65-1063/I
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى: ISSN 1005-0876
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1118 پوچتا نومۇرى: 830001
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58-108 باھاسى: 8.50 يۈەن
ئېلان تىجارىتى ئىجازەتنامىسى نومۇرى: 6500006000043